2003
ژىل
مارت
№3
(4161)

يېڭى ھايات

Йеңи һаят

جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي - سىياسىي گېزىت. 1970 - ژىلى 1 - يانۋاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ

تەزىيە بىلدۈرۈلدى

نۇرسۇلتان نازاربايېۋ خخج رەئىسى جياڭ زېمىنغا تەزىيە بىلدۈرۈپ، تېلېگراممىا ئەۋەتتى.

تېلېگراممىدا دۆلەت رەھبىرى قازاقستانلىقلارنىڭ ۋە شەخسەن ئۆز نامىدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاۋتونوم رايونىدا يۈز بەرگەن يەر تەۋرەشكە ۋە گۇنجو ئۆلكىسىدىكى خاڭدا گاز پارتلىشىغا باغلىق ختاي خەلقىگە، ھالاك بولغانلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن يېقىنلىرىغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈردى.

ئۇيغۇرلار دىيارىدا يەر تەۋرىدى نۇرغۇنلىغان ئادەملەر ھالاك بولدى

بىر نەچچە كۈندىن بۇيان تارىخىي ۋەتىنىمىزدىن دەھشەتلىك خەۋەرلەر كەلمەكتە. ئاممىۋىي ئەخبارات ۋاستىلىرىنىڭ خەۋەر قىلىشىغا قارىغاندا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاۋتونوم رايونىنىڭ جەنۇبىدا كۈچى رىختېر تاياقچىسى بويىچە 6.8 باللىغا باراۋەر قاتتىق يەر تەۋرەپ، نۇرغۇنلىغان ئادەملەر ھالاك بولغان، جارا - ھەتلەنگەن، مىڭلىغان تام ئۆيلەر ۋەيران بولغان.

بۇ تىلسىز يېغا 24 - فېۋرال دۈشەنبە كۈنى ئەتىگەن سائات 10 دىن ئۈچ مىنۇت ئۆتكەندە يۈز بەرگەن. ئاممىۋىي ئەخبارات ۋاستىلىرى يەر تەۋرەش ئېپىسېنتىرىغا توغرا كەلگەن قەشقەر ۋىلايىتىگە قاراشلىق پەيزاۋات، مارالبېشى ناھىيەلىرىنىڭ ئۇرغۇنلىرى ھەممىدىن كۆپ زىيانغا ئۇچرىغانلىغى توغرىلىق خەۋەر قىلدى. رېيتېر ئاگېنتلىغىنىڭ خەۋەر قىلىشىغا قارىغاندا ئون مىڭدىن ئوشۇق بىنا ۋەيران بولغان. ئەخبارات ئاگېنتلىقلىرىنىڭ خەۋەر قىلىشىغا قارىغاندا ئۈچ يۈزگە يېقىن ئادەم ھالاك بولۇپ، تۆرت مىڭ ئادەم يارىدار بولغان، 50 مىڭدىن ئوشۇق ئادەم باش - پاناسىز قالغان. بۇ مەلۇماتلارنى ئېنىق دەپ تەكىتلەشكە بولمايدۇ، چۈنكى ۋەيران بولغان ئۆي خارابىلىرىنىڭ ئاستىدا قانچىلىك ئادەم ھالاك بولدى دېيەلەيسىز؟ يەر تەۋرىگەن كۈنى نۇرغۇنلىغان ئادەملەر تالادا تۈنىگەن.

ئەندى 25 - فېۋرال سېيشەنبە كۈنى بۇ يەردە يەنە 5,5 بال يەر تەۋرىگەن. بۇ قايتا يەر تەۋرەش يەنىمۇ كۆپلىگەن ۋەيرانچىلىقلارنى ئېلىپ كەلگەن. سېيسمولوگلار بولسا يەر ئاستى سىلكىنىشلىرى بۇ تەۋەدە يەنە تەكرارلىنىشى مۇمكىن دەپ ئاگاھلاندۇرماقتا. ختاينىڭ رەسمىي ھاكىمىيەت ئورگانلىرى دۇنيا بىرلەشمىسىگە ياردەم سوراپ مۇراجەت قىلغان ۋە ئېلېكترون پوچتا ئارقىلىق پاجىە يۈز بەرگەن، ئەندى كېيىنكى ۋاقىتلارغىچە يېپىق رايون دەپ ھېساپلانغان بۇ جايدىن چۈشىرىلگەن سۈرەتلەرنى تارقاتتى.

ھاكىمىيەت ئورۇنلىرى يەر تەۋرەشتىن زەرداپ چەككەنلەرگە ياردەم بېرىشنى ئۇيۇشتۇرماقتا. قۇتقۇلدۇرۇش ئىشلىرىغا مىڭلىغان ئەسكەرلەر بىلەن ساقچىلار، پىدائىيلار ئىشتىراك قىلماقتا. تەبىئىي ئاپەت يۈز بەرگەن جايغا دورا - دەرمەك، كىيىم - كېچەك، پالاتكىلار يەتكۈزۈلمەكتە.

(ماقالىنىڭ داۋامى - 8 - بەتتە).

8 - مارت - خەلىق ئارا ئاياللار كۈنى



ئابدۇمېجىت دولەتوۋ

ئانىلار

ئانىلار ھاياتىمىز، قانىتىمىز،
ئۇلار بىزنىڭ بەختىمىز، ئامىتىمىز.
يېنىمىزدا چىناردەك ئۇلار باركەن،
قەلبىمىزنى بىز دايىم شات ئېتىمىز.

كېلەچەك - يول ئۇلاردىن باشلىنىدۇ،
ئانىلارغا ھاياتلىق باش ئېگىدۇ.
ئانا - ئۆمۈر. سەن قانچە چوڭ بولمىغىن،
ئانا بار، كوڭلۇڭ سېنىڭ ياشىرىدۇ.

ئانىلار مېھرى - دەريا، ئۇلۇق ماكان،
ئانىلار - باھار ئوزى، گۈللەر تاپقان.
كېرەك يەردە ۋۇرەكلىرى يالقۇن بولۇپ،
كېرەك يەردە ئوچمەس قىلىپ گۈلخان ياققان!

جاھان سىغار قوينىغا، قۇچىغىغا،
ئەركىلەيدۇ ھاياتلىق قۇچىغىدا.
ئانا ئۈچۈن ژىللارنىڭ سانى يوق،
قايىنايدۇ دايىم تۇرمۇش - ئوچىغىدا.

ئارامىڭ ئانىلارنىڭ كۈلكىسىدە،
ئارمىنىڭ ئانا ئەجرىن ئاقلىشىڭدا.
ئاق سۈتىنىڭ قەدرىنى بىلىپ ھەر تاڭ،
ئېقىدىسىن دىلىڭدا ساقلىشىڭدا.

بولۇنۇپ ھېساپسىز سەن شوھرەت - شانغا،
ئوخشىغان قانچىمۇ شۇ دانالارغا.
بىلىپ قوي، ئۇنتىمىغىن ھېچ ۋاقىتتا،
ئۆمۈر - بەختىڭ ئانىدا، ئانىلاردا!!!

خىتاي خەلىق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قازاقستاندىكى پەۋقۇلاددە ۋە تولۇق ھوقۇقلۇق ئەلچىسى ياۋ پېيشىن جاناپلىرىغا

ھورمەتلىك ئەلچى جاناپلىرى!

دۇنيا مەتبۇئاتىدىن بىزگە 2003 - ژىلى 24 - فېۋرال كۈنى خخج ش ئۇ ئار دا چوڭ بەختسىزلىك يۈز بەرگەنلىكى - ۋەيرانچىلىق ئېلىپ كەلگەن يەر تەۋرىگەنلىكى مەلۇم بولدى. يەر تەۋرەش نەتىجىسىدە يۈزلىگەن ئادەملەر ھالاك بولغان، بىنالار، تۇرۇشلۇق ئۆيلەر ۋەيران بولغان ۋە كوپلىگەن ئادەملەر خارابىلار ئاستىدا قالغان ھەم ئۇلار قۇتقۇلدۇرۇش ئوترەدلىرى تەرىپىدىن ئىزدەشتۈرۈلمەكتە.

قازاقستان جۇمھۇرىيىتى ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى سىزگە ۋە سىز ئارقىلىق ش ئۇ ئار خەلقىگە سەمىمىي تەزىيە بىلدۈرىدۇ ۋە سىز بىلەن بىللە قايغۇرىدۇ.

بىز موشۇ ئېغىر كۈنلەردە زەرداپ چەككەنلەرگە قولىمىزدىن كېلىشچە ماددىي ياردەم بېرىشكە تەييار.

پ. ت. ھاسانوۋ،
قازاقستان جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ رەئىسى،
قازاقستان جۇمھۇرىيىتى پرېزىدېنتى ھۇزۇرىدىكى مىللىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى. قازاقستان خەلىقلىرى ئاسامبلېيەسى كېڭىشىنىڭ ئەزاسى.

1700597
PHH 600900138079
Алматинский
филиал
ОАО
«Казкоммерцбанк»
код 724,
МФО 190501724

2003 - ژىلى 24 - فېۋرال كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاۋتونوم رايونىدا (قەشقەر شەھىرى ئەتراپىدا) 7 بال ئەتراپىدا يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بېرىپ يۈزلىگەن ئادەم ئۆلۈپ، يۈزلىگەن ئادەملەر دەرەكسىز يوق بولۇپ كەتكەن. نۇرغۇنلىغان ئۆيلەر ۋەيران بولغان. بۇ بىزنىڭ ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن چوڭ پاجىەدۇر. بۇ پاجىە ئۇمۇمىي ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پاجىەسى بولۇپ، بۇنىڭدىن زەرداپ چەككەن ھەر بىر ئىنسانغا قولۇمىزدىن كېلىشچە ياردەم بېرىش ھەر بىر ئۇيغۇر پەرزەندىنىڭ ۋەزىپىسى ۋە بورچىدۇر. ئەگەر ياردەم بەرگۈچىلەر بولسا (پۇل ۋە كىيىم كېچەك) مونۇ ھېساپ چوتقا ئەۋەتىشلىرىنى سورايمىز:

قازاقستان جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى.

ئۆز - ئارا دوستلۇق ۋە ھەمكارلىقنىڭ يېڭى پەللىسى

رۇسسىيەدىكى قازاقستان ژىلى

18 - فېۋرال كۈنى موسكۋادا قازاقستان پرېزىدېنتى نۇرسۇلتان نازاربايېۋ ۋە رۇسسىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ پرېزىدېنتى ۋلادىمىر پۇتىنىنىڭ ئىشتىراكى بىلەن رۇسسىيەدىكى قازاقستان ژىلى تەنتەنىلىك ئېچىلدى. ئىككى خوشنا دولەتنىڭ دوستلۇق مۇناسىۋەتلىرىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەشكە، ئىختىسادىي ھەمكارلىققا، ھاياتنىڭ بارلىق ساھالىرىدىكى ئالاقىلارغا يېڭى تۈرتكە بېرىشكە قارىتىلغان بۇ ۋاقىە چوڭ تېپىتتا يۈز بەردى.

قازاقستان رەھبىرىنىڭ رۇسسىيەگە قىلغان سەپىرى م. ۋ. لومونوسوۋ نامىدىكى موسكۋا دولەت ئۇنىۋېرسىتېتىنى زىيارەت قىلىشتىن باشلىنىپ، ئۇ يەردە نۇرسۇلتان نازاربايېۋ رۇسسىيەنىڭ موشۇ ئەڭ چوڭ ئالىي ئوقۇش ئورنىنىڭ پروفېسسور - ئوقۇتقۇچىلار تەركىۋى ۋە ستۇدېنتلىرى بىلەن ئۇچراشتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ن. نازاربايېۋ بىلەن ۋ. پۇتىنىنىڭ ئۇچرىشىشى بولۇپ ئۆتتى. ئۇچرىشىشتا ھەر ئىككى دولەت رەھبەرلىرى ئۆز مەملىكەتلىرىنىڭ ياخشى خوشنىدارچىلىق، ئىختىسادىي ۋە مەدەنىي ئالاقىلارنى تەرەققىي ئەتكۈزۈش تەرەپدارى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى. ن. نازاربايېۋ بىلەن ۋ. پۇتىن مەتبۇئات ئۈچۈن بىلدۈرۈش ئېلان قىلىپ، ئۇنىڭدا ئىككى دولەت ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق ۋە ھەمكارلىقتىن باشقا يول يوق ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى. ۋلادىمىر پۇتىن قازاقستانغا رەسمىي سەپەر بىلەن كېلىشكە تەكلىپ قىلىندى.

شۇ كۈنى قازاقستان رەھبىرى ئەۋلىيا - دانىئىل موناستىرىدا موسكۋا ۋە پۈتكۈل رۇس پاترىيارخى ئالېكسىي ئىككىنچى بىلەن ئۇچراشتى.

كەچقۇرۇنلۇغى چوڭ تېئاترىنىڭ يېڭى سەھنىسىدە رۇسسىيەدىكى قازاقستان ژىلى ئېچىلدى. تەنتەنىلىك چارە - تەدبىردە نۇرسۇلتان نازاربايېۋ بىلەن ۋلادىمىر پۇتىن سۆزگە چىقتى.

رۇسسىيەدىكى قازاقستان ژىلى بۇ قىزىقارلىق ئەخبارات لايىھەلىرى، ئىش بىلەرمەن ئادەملەر كونفېرېنسىيەلىرى ۋە ئۇچرىشىشلىرى، جامائەتچىلىك فورۇملىرىدۇر. ئۇنىڭدىن تاشقىرى بىرلەشكەن پىلانلاردا جىددىي تەتقىقات پروگراممىلىرى، ئىككى مەملىكەت مىللىي ئاكادېمىيەلەر ئالىملىرى ئۈچۈن گرانت ئاجرىتىش، قازاقستان ياشلىرىنىڭ رۇسسىيەدە بىلىم ئېلىشىغا قوشۇمچە ستۇدېنت كۋوتىلىرىنى ئېچىش كوزدە تۇتۇلغان.

رۇسسىيە بىلەن قازاقستان مۇناسىۋەتلىرى باي ۋە ئۇزاق ژىللىق تارىخقا ئىگە. بىز مۇستەقىل دولەتلەر سۈپىتىدە پەقەت 1992 - ژىلدىن مۇناسىۋەت قىلىشقا باشلىغىنىمىزغا قارىماي، بىر - بىرىمىزنى ئۇزاق ژىللار مابەينىدە باغلاپ كەلگەن ئۇمۇمىي تەغدىر ۋە ئىختىسات ساھاسىدىكى قويۇق مۇناسىۋەتلەر كوپ جەھەتتىن رۇسسىيەنى جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ باشقا شېرىكلىرى ئالدىدا ئالاھىدە ئورۇنغا قويىدۇ.

قازاقستان بىلەن رۇسسىيە ئىككى مەملىكەت ۋە ئىككى خەلقنىڭ ئۇراقلىق گېوسىياسىي، ئېگىلىك، ئېتنىك ۋە مەدەنىي ئالاقىلىرى مەۋجۇت چوڭ ياۋروئاسىيا رېگىونى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

بۇ كۈنلەردە موسكۋادا رۇسسىيەدىكى قازاقستان ژىلىغا بېغىشلانغان مەدەنىي چارە - تەدبىرلەرمۇ ئۆتكۈزۈلدى. مەسىلەن، قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەدەنىيەت، ئەخبارات ۋە جەمىيەتلىك رازىمەنلىك مىنىستىرى مۇختار قۇل - مۇخاممېد ۋە رۇسسىيە مەدەنىيەت مىنىستىرى مىخائىل شۋېدكوينىڭ ئىشتىراكى بىلەن دولەت ترېتياكوۋ گاللېرېياسىدە قازاقستان رەساملىرىنىڭ كورگەزمىسى ئېچىلدى. ئەندى كرېملنىڭ ئورۇژېينايا پالاتىسىدا بولسا «ئالتۇن ئادەم» كورگەزمىسى ئېچىلدى.

مۇلاھىزە ئۈچۈن

مىللەت ۋە تىلىمىز ھەققىدە

ئەمدىلا ئۇيغۇر نامىمىز مىلادىدىن ئۇزاق ژىللار ئىلگىرى شەكىللەنگەن ئىكەن، تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى ئون ئۇيغۇر ۋە شىمالىدىكى توققۇز ئوغۇزلارنى ئوز ئىچىگە ئالىدىغان ھالدا دۇنياغا تونۇلغانلىقىغا كوپ مەسىلىلەر كاپالەتلىك قىلىدۇ. ئالايلۇق، مىلادىيە 745 - 840 -ژىللىرى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىكى قىدىمكى تۈزۈم ۋە سىياسىي بىرلىك زۆرۈرىيىتىدىن ئۇيغۇر نامىنى قوللانغانلىقى تامامەن ئىسپاتلانغان. ئۇنىڭدىن قاراخانىيلار سۇلالىسى (870 - 1213)، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى (860 - 1250) ۋە 169 ژىل ھوكۇم سۈرگەن سەئىدىيە ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىختا مۇھىم رول ئوينىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم.

مۇقىمكى، قىسقىسى، شانلىق تارىخقا ئىگە ئۇيغۇرلار كېيىنكى بەش ئەسىر جەريانىدا ئىسمى ئۇچۇپ بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالدى؟ دانالار: «ئىنساننىڭ ...» ... «...» دېگەن ئىكەن.

ئۇزاقلىقا بارماي، مەنچىڭ سۇلالىسىدىن كېيىن 1912 - ژىلى تەختكە چىققان ياڭ زېڭشىن چەت ئەل بىلەن مۇناسىۋەت قىلماسلىق، سودا - سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرماسلىق، بېكىنمىچىلىك سىياسىتىنى قوللانغان ... «...» ... «...» ... قول سېلىپ كەلدى.

1933 - ژىلى ئانا ئۇرتىمىزدا «ئاپرېل ئوزگىرىشى» ... خەلقىمىز پەرزەنتلىرى ئالىي ئوقۇش يۇرتلى-

-رىدا ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولسىمۇ، 1937 - ژىلى سابىق س س س ر دا يۈز بەرگەن رېپرېسسىيە بوران - چاپقۇنلۇق ئانا يۇرتىدىكى ... خەلق ۋە زىيالىيلارنىڭ ... نىڭ بېشىغا كەلگەنلىكى سىر ئەمەس.

70 ژىل ھوكۇم سۈرگەن سابىق كېڭەش ھوكۇمىتى مىللەت سۈپىتىدە ئۇيغۇرلارغا نېمە بەردى؟ باشقىلارنى قويۇپ مۇنۇ بىر مەسىلىنى ئالساق، بۇ كۈنلەرگە 40 باشقا كەلگەن، بەلكى ... ئانا تىلدا ... ئۇيغۇر تىلىدىكى گېزىت - ژۇرنال، كىتاپلار ... ئەشۇنداقمۇ؟ ئەكسىنچە مەخسۇس، تەكشۇ-

رۇش نەتىجىسىدە ئۇيغۇر مەكتۇۋىنى پۈتەر-كەنلەر رۇس مەكتۇۋىنى پۈتەرگەن ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىگە نىسبەتەن كوپ ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان.

شۇ نەرسە ئېچىنىشلىقكى ئا. روزباقىيېۋ نامىدىكى كوپ ساھالىق ئۇيغۇر گىمنازىيەسىگە ئىلگىرى بىرىنچى سىنىپقا قوبۇل قىلىنغان گۇدەكلەر 4 - 5 - سىنىپنى تەشكىل قىلغان بولسا، ئوتكەن ژىلى 3 سىنىپقا چۈشۈپ قالغان. سابىق «چاپايېۋ» نامىدىكى كولخوزدا بەش ژىل ئىلگىرى ئېچىلغان ئۇيغۇر سىنىپىنىڭ بىر ژىلدىن كېيىنلا قۇيرۇغى ئۈزۈلۈپ قالغان. ئوتكەن ژىلى خىتاي ھوكۇمىتىنىڭ مائارىپ بويىچە ئېلان قىلىنغان قانۇنىدا: «يەرلىك ئۇيغۇر باللىرى 3 - سىنىپقىچە ئانا تىلىدا ئوقۇتۇش، ئاندىن 10 - سىنىپقىچە خىتاي تىلى مەجبۇرى كىرىش، ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا بارلىق پەنلەر خىتايچە ئوقۇلۇش» - دېيىلگەن. بۇ پۈتۈنسۈرۈك بىر مىللەتنى ئاسسىمىلەتسىيە قىلىش، مىللىي تىلىمىزنى يوق قىلىش غەرىزىنىڭ يېڭى ئۇسۇلى.

8 - ئەسىردە ئورخۇن، ئىدىقۇت ۋە تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىنى ئارىلاپ - تەكشۈرۈپ چىققان نېمىس ئالىمى ۋىلگېلىم رۇبرۇك: «پۈتكۈل تۈركىي تىللارنىڭ ۋە قىپچاق تىللىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ئۇيغۇر تىلىدىن» - دەپ ئېيتقان. دېمەك، ئۇيغۇر تىلى تارىخى جەھەتتىن قېدىمىكى ھەم پۈتكۈل تۈركىي تىل، ئەدەبىياتى ۋە مائارىپنىڭ يىلتىزى ئىكەن، ئوزىمىزنى چۈشەنمەسلىك ۋە ئانا تىلىمىزنى ئېتىراپ قىلماسلىق چېكىدىن ئاشقان جاھىللىق!..

دۇنيادا يوقالغان مەدەنىيەت يوق. ئەينە شۇ مەدەنىيەتنىڭ ئاساسى قىسمى بولغان تىل يوقۇلىدىكەن، مىللىتىمىزنىڭ يوقۇلىشى تەبىئىي.

تىل ئىنسانلارنىڭ ئوز ئارا ئالاقىسىدا مۇھىم ئامىل بولۇپ قالماستىن، ئۇ پۈتكۈل بىر مىللەتنىڭ غۇرۇرى، مەدەنىيەتنىڭ يارقىن ئىپادىسى ۋە ئىمانىنىڭ سىمۇۋلى. تىلنىڭ يەنە بىر ئۇلۇق خاسىيتى شۇكى ئۇ مېھرىۋان ئانىنىڭ پاك ئوغۇز سۈتىنىڭ ھەم تۈن-كېچىلەر تاتلىق ئۇيقۇسىنى تەرك ئېتىپ، مېھرى بىلەن بوشۇكنى تەۋرىتىپ، ئەجەپ يېقىملىق، مۇڭلۇق ئېيتقان ساماۋى ئەللەيسىنىڭ پەرزەنت ژۈرەك قېنىغا سىڭىپ، شۇنىڭدەك تىل بالاجانلىق ئانىنىڭ سويۇملۇك بالاتەبىنىدە ئەكس ئېتىلگەن ئەقىدىسى...

دېمەك، ئەينە شۇ قۇت مۇبارەك ئانا تىلنى بىلمەسلىك، ئاتا - ئانىمىزنى ۋە مىللىتىمىزنى ئېتىراپ قىلماسلىق ئۇستىگە ئەسلىمىزدىن تېنىشتىن ئىبارەت. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، تىل - مىللەتنىڭ ھاياتى، مۇقەددەس تارىخى، تىل قەدرى - ئەل قەدرى ئىكەن، بىز ئۇنى قەدىرلەشكە ھەقلىقمىز. فىلوسوفىيەدە ئوزلۇك - ئوزىنى بىلمەكلىك دېگەن ئۇقۇم بار. ئۇ كامالەتلىك ئىنسان قەلبىدىكى قۇياش ۋە ئەقىل كوزىدىن ئىبارەت. ئادەملەر ھوسنى - چىرايى بىلەنلا گوزەل ئەمەس، بەلكى بەدەن، تىلى ھېساپلانغان يۈرۈش - تۇرۇشى، كىيىنىشى، ئىنسانىي مۇناسىۋىتى بىلەن، جۇملىدىن شىرىن سىپايە تىلى بىلەنمۇ گوزەل.

جەمىيەتتە پاك، ساغلام نىيەتلىك ئىنسانلار، پازىللار باركى، ئۇلار ياش ئەۋلاتنى ئانا تىلىغا، مەدەنىي - مائارىپقا، ئىلىم دەرگاھىغا رەغبەتلەندۇرۇپ، مەنىۋىيەت ئاتا قىلماقتا. ئەشۇنداق سىمالار كوز ئالدىمدا گەۋدىلەنگەندە، «ئاللانىڭ مەرھەمىتى يار بولغان سېخى - ساخاۋەتلىك زاتلاردىن بىز خالى ئەمەس ئىكەنمىز، بىزنىڭ تىلىمىز، مىللىتىمىزمۇ يوقالمايدىكەن...» دېگەن قانائەت، ئۇمۇتۋار سېزىم - تۇيغۇ ئۇچقۇنلىرى ژۈرىكىمىزنى تەۋرىتىپ، چېھرىمىزدە جۇلالىنىدۇ.

مەن مۇنداق بىر ۋاقىەگە توختالماقچىمەنكى، ئوتكەن ژىلنىڭ ئاخىرىدا ماڭا سۇلتانقورغان مەسچىت ئۇلىمالىرىدىن ئومەر ھاجىم بىلەن سوھبەت قىلىشقا توغرا كەلدى. گەپ ئارا مەكتەپ ۋە ئوقۇغۇچىلار مەسىلىسى قوزغالغىنىدا بۇ زات مۇنداق دېدى:

- بىز سۇلتانقورغان دىنىي جەمىيىتى باشقارمىسىنىڭ ئەزالىرى 101 - ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىۋى بىلەن يېقىن ئالاقىدا بولۇپ، مەكتەپنىڭ تەلىم - تەربىيە ئىشلىرىغا ياندىشىش - ھەمنەپەس بولۇش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالدى. چۈنكى، مەزكۇر مەكتەپتە مىڭلىغان باللار بىلىم ئالىدۇ. ئۇلار بىزنىڭ كەلگۈسىمىز ھەم يارقىن ئىستىقبالىمىز.

- بۇ يۈكسەك ھىممەت ئىكەن ھاجىم، - دېدىم مەن تەۋرىنىپ، - ئادەتتە، مەكتەپكە ئاتا - ئانىلار كومىتېتى بىۋاستە ئارا بولىدىغان، ئەندى دىنىي زاتلار قول سالغان بولسا، سوۋابىغا نېمە يەتسۇن، دېمەك، ھەر قايسىلىرى مەكتەپ تەلىم - تەربىيە ئىشلىرىغا قايسى تېرىقىدا ياندىشاقچى بولىدىلىكى؟

- تەلىم - تەربىيە دېگەن سوز مەنتىقىسىدىن ئايانكى، ئوقۇغۇچىلار - تەلىم، يەنى ئىلىم ئالغۇچىلار، مۇئەللىملەر تەربىيە بەرگۇچىلەر، دىنىي باشقارما ئەزالىرى ھەر ئىككى ياقنى مەنىۋىي، ماددىي جەھەتتە قوللاپ رەغبەتلەندۇرمەكچى. ئىلتىپات ئاللادىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرىسكە، ئىلىمغا بولغان تىرىشچانلىقىنى، ئىخلاسىنى قوزغاش، ئۇستازلارنىڭ شەرەپلىك ۋەزىپىسىگە قوشۇمچە ھەم ئاتا - ئانىلىق مېھىر - شەپقەت تۇيغۇلىرىنى قوزغاش نەزەردە تۇتۇلدى. ئېنىغراق ئېيتسام، بىر ژىلنىڭ ھەر ئوقۇش مەۋسۇمىدە ھەر بىر سىنىپتىن ئەلا، ياخشى دەرىجىدە ئوقۇغان ئۇچ ئوقۇغۇچى تاللىنىپ ئېلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ بىرىنچىسىگە 10000 تەڭگە، ئىككىنچىسىگە 7000 تەڭگە، ئۇچىنچىسىگە 5000 تەڭگە مۇكاپات بېرىلىدۇ. مەكتەپ بويىچە تىرىشچانلىق ئەقىدىسى، دەرىس ئوقۇش ئۇسۇلىدىكى يېتۇكلىكى ۋە ھەر جەھەتتىن قابىللىقى بىلەن پەرىقلەنگەن ئۇچ مۇئەللىمگە ھەر مەۋسۇمدە خۇددى ژۇقۇرىدا تەكىتلەنگەندەك ماددىي مۇكاپات ئاتا قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن تاشقىرى مەھەللىمىزدىكى تۇرمۇشى ناچار ۋە ژېتىم - يېسىر باللارغا ژىلدا بىر نوۋەت 4000 تەڭگە ياردەم بېرىلىدۇ.

- باركاللا. ھاجىم! مانا بۇ ئىنسانىي پەزىلەت، ئالىيجاناپلىق! مېنىڭچە، بۇ ھالا بۈگۈن قازاقستاندا ياشاپ، ئىستىقامەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلار ھاياتىدا بايقالمىغان خاسىيەتلىك ئىش ئىكەن. ئاللا ھەر قايسىلىرىغا رەھمەت قىلغاي. شۇنى سورىماقچىمەنكى، ھاجىم، مۇنچىۋالا مەبلەغ مەنبەسى قەيەردىنكى؟

- سۇلتانقورغان 28 مەھەللىدىن ئىبارەت. ھەر مەھەللىدىن خەلىقپەرۋەر مەردانىلاردىن ئىككىدىن ئادەم دىنىي باشقارما ئەزاسى. بىزنىڭ ئاساسى تايانچىمىز ئەينە شۇ ئەزىمەتلەر. ئاندىن قالسا، يۇرتتا دىيانەتلىك، سېخى - ساخاۋەتلىك مەردانىلىرىمىز بار. ئۇلار ئاتىغىنىنى مەسچىتقا بېرىدۇ. بيۇرو ئەزالىرىمىزدىن دىلمۇرات قۇزىيېۋنىڭ ھىممەت، ساخاۋىتى ئىنتايىن كەڭرى. ئۇ ھەقتە كېزىت سەھىپىلىرىدىنمۇ كورۇۋاتقاندىلا. مەن ئوتكەن ژىلدىكى بىرلا ۋاقىەنى ئېيتاي، ئۇلۇق ئاي، مۇبارەك روزا - رامزاندا شەھەر بويىچە روزا تۇتقان مۇسۇلمان ستودېنتلاردىن ۋە يۇرتتىكى ھال ئوقىتى ناچار جامائەت بولۇپ جەمئىي 230 نەپەر ئادەمنى مەسچىتىمىز يېنىدىكى ئەيسا ھاجىم باشقۇرغان ئاشخانىدا ئېپتارلىق ھەم زولۇق بىلەن تەمىن قىلدى. ئۇندىن بولەك ئىلگىرى يۇرتىمىزنىڭ موتىۋەر - ئۇلىماسى مەرھۇم پىرمەھەممەت ھاجىم ھايات ۋاقتىدا ئوغلى دىلمۇرات قوزىيېۋقا ۋەسىيەت قىلغان ئىكەندە، ئاتا ۋەسىيىتىنى دىلغا چاقىلىغان دىيانەتلىك پەرزەنت مەسچىتتىن چوڭ كوچىغا ئوتىدۇل چىقىدىغان 90 مېتىرلىق ئۇزۇنلۇقتىكى كەڭ يولنى ئاسفالت قىلىپ ياسىتىپ بەردى.

- دەرھەقىقەت، - دېدىم مەن جاۋابەن، - يول ياساش، مەسچىت سېلىش، ژېتىم - يېسىر، غېرىپ، كەمبەغەللەرگە خەيرى - ساخاۋەتلىك قول سۇنۇش قۇرئان كەرىمدە سوۋاپلىق دەپ تەكىتلەنگەن. ئۇندىن تاشقىرى دىلمۇرات ئىنىمىز ۋە باشقىلارنىڭ خەلقىمىزنىڭ مەدەنىي - مائارىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت، ئىلىم - ئىرپان قاتارلىق ئىشلىرىنىڭ رىۋاجلىنىشىغا كورسىتىۋاتقان پائالىيىتى، غەيرەت - شىجائىتىدىن بىز مىننەتدارمىز. ئاللا رەھمەت قىلغاي. موشۇنداق مەرت، خەلىقپەرۋەر ئوغلانلىرىمىز كوپەيسە مىللىتىمىز شۇنچە راۋناق تاپقۇسى.

مەسىمجان زۇلپىقار.

نوروز چېچەك گۈلرى

غەرب مەدەنىيىتى ۋە بىز

تەرەققىي قىلىپ ھازىرغىچە كەلگەن دۇنيا مەدەنىيىتى ئۇچ قەۋەتلىك بىناغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىنچى قەۋىتىنى ئاۋالقى ئەسىرلەردىكى پىرئەۋنلەر، ناپولىيونلار، ھۇنلار، ئاندىن يۇنانلىقلار، ئۇلاردىن كېيىن، رۇملۇقلار بەرپا قىلغان بولسا. ئىككىنچى قەۋىتىنى ئوتتۇرا ئەسىردىكى مۇسۇلمانلار ياراتقان، ئۇچىنچى قەۋىتىنى بولسا ھازىرقى ياۋروپالىقلار ياراتقان بولىدى.

بىز مۇسۇلمانلار بۇ مەدەنىيەتلەرگە يات ئەمەسمىز. بەلكى بىزمۇ دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ساھىبلىرى ۋە ئۇنى ياراتقۇچىلارىمىز. ئامما بىز بىر قانچە ئەسىردىن بېرى، ئوز ئارىمىزدىكى بولۇنۇشتىن باشقا ھېچ قانداق ئەھمىيىتى بولمىغان فىقھىي تالاشلار، سوفىزملىق تەرغىباتى بىلەن تەركىدۇنيا بولۇۋېلىش ۋە ئىلمى كالام (ئەقىدىنى فىلوسوفىيەلەشتۇرۇش ئىلمى)دىن ئىبارەت بېھۇدىلىك بىلەن مەشغۇل بولۇش سەۋەۋى بىلەن مەدەنىيەت يارىتىش ۋە پەن، تېخنىكىغا قاراپ يول ئېلىش دەۋرىمىزنى باشقىلارغا ئوتكۇزۇپ بېرىپ غەپلەت ئىچىدە ئۇخلىدۇق. بىز بۇ قىلمىشىمىز بىلەن دىنىمىزغىمۇ ئاسىيلىق قىلغان بولدۇق. چۈنكى بىزنىڭ دىنىمىز پەن، مەدەنىيەت يارىتىشنى نورمال ئىبادەت دەپ ھېساپلاپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى ئىسلام پەرزلىرىدىن ساناتتى. شۇڭمۇ قۇرئاندا، مۇسۇلمانلارنى كائىناتنىڭ ھەر تەرەپلىرىگە ئەقىل كوزى بىلەن نەزەر سېلىپ ئۇنىڭ سىرلىرى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىشقا چاقىرىدىغان ئايەتلەر ناھايىتى كوپتۇر. «ئۇلار ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ سەلتەنىتى ئۈستىدە، ئاللانىڭ ياراتقان مەخلۇقاتلىرى ئۈستىدە، ئوزلىرىنىڭ ئەجىلىنىڭ يېقىنلىشىدىغانلىقىنىڭ مۇمكىنلىكى ئۈستىدە پىكىر ژۈرگۈزمەيدۇ؟»

(ئەئراف سۈرىسى 185 - ئايەت)

كارۋانلار سېپى ئىلگىرىلەپ بىزدىن خېلە ئۇزىراپ كەتكەندىن كېيىن، ئەمدىلىكتە كوزىمىزنى ئېچىپ، بېشىمىزنى ئېگىز كوتىرىپ قارىغىنىمىزدا، بىزنىڭ كارۋانلار سېپىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا قېلىپ كەتكەنلىكىمىزنى، ئېگىراۋاتقىنىمىزنى كوردۇق. ھازىرقى دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسەك تەرەققىياتى بىزگە ئانونۇش ۋە غەلىتە ھېس قىلىنغانلىقتىن، بۇ مەدەنىيەت ئالدىدا بىز مۇسۇلمانلار ئىككى پىرقىغا بولۇندۇق. بىرى، ھازىرقى مەدەنىيەتلەرنى ئايرىماستىن، ياخشى - يامىنىنى پەرىقلەندۇرمەستىن ھەممىنى قوبۇل قىلغۇچىلار بولسا، يەنە بىرى، ئوزلىرىنىڭ جاھىللىقى ۋە مۇتەئەسسىپلىكى قاتماللىقىدا چىڭ تۇرۇپ، ھېچ بىر يېڭىلىقنى قوبۇل قىلمايدىغانلار بولۇپ، بۇ ئىككى پىرقىنىڭ ھەر ئىككىلىسى خاتالاشقان، ئەلۋەتتە.

ھازىرقى مەدەنىيەتلەرگە مۇئامىلە قىلىشنىڭ ئەڭ توغرا ئۇسۇلى شۇكى، ئەقىدە، ئەخلاق، ئىبادەت، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، ئېلىم - سېتىم مۇئامىللىرى ۋە باشقىلار قاتارلىق دىنىمىزدا ئوزگەرمەس قىلىپ بېكىتىلگەن قانۇن - پرىنسىپلاردا چىڭ تۇرۇش، بۇلاردىن باشقا دىنىي ۋە مەئىشەت ئىشلىرىمىز ئۈچۈن پايدىلىق بولغان، دىنىمىزنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپلىرىغا زىت كەلمەيدىغان ھەر قانداق مەدەنىيەت ۋە يېڭىلىقلارنى قوبۇل قىلىش ۋە پايدىلىنىش كېرەك.

ھازىرقى ئەڭ پېقىر كىشىلەرنىڭ ھالىمۇ، ئوتمۇشتىكى ئىسلام خەلىپىلىرىدىن ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان بىلەن ھارۇن رەشىدنىڭ ھالىدىن ياخشى ۋە ئەۋزەلدۇر. بىر كۈنى ئابدۇلمەلىكنىڭ چىشى قاتتىق ئاغرىپ كېتىپ، ئۇنى زاماسكلاپ ساقايتىدىغان، ياكى ئاغرىق پەسەيتىدىغان ئىلىم - پەننىڭ شۇ ۋاقىتتا بولمىغانلىقىدىن، ئابدۇلمەلىك ئۇچ كۈنگىچە ھاكىممۇتلەق بولۇپ تۇرۇپ شۇنچىلىك كوپ قىينالغان ئىكەن. ھازىرقى ئەڭ پېقىر كىشىمۇ چىشى ئاغرىسا دوختۇرغا بېرىپ، ئۇنى زاماسكا قىلدۇرۇش ئارقىلىق چىشىنى ساقايتالايدۇ. ھارۇن رەشىدنىڭ ئوچىيى زەخمىلەنگەنلىكتىن قاتتىق ئاغرىپ كېتىپ ئۇنىڭغا ئاغرىق پەسەيتىش دورىسى بولمىغانلىقتىن كوپ قىينالغان ئىكەن. ھازىر ئەڭ پېقىر بىرىمۇ ئاغرىق توختىتىش دورىسى ياكى ئوكۇل ئالالايدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئاغرىقنى توختىتالايدۇ. ھارۇن رەشىد باغدادتىن مەككىگە كېلىش ئۈچۈن ئۇلاق بىلەن ئىككى ئاي يول ژۈرگەن ئىكەن. ھازىر ھەر قانداق كىشى بۇ مۇساپىنى ئايروپلان بىلەن ئىككى سائەتتىلا بېسىپ بولالايدۇ.

ئاللا ئاتا قىلغان پەن تېخنىكىدىن پايدىلىنىشقا ئەھمىيەت بەرمەسلىك ۋە بۇنىڭدىن ئوزىنى قاچۇرۇش ئىسلام دىنىنىڭ روھىنى توغرا چۈشەنمىگەنلىكتۇر، ئەلۋەتتە.

مۇھەممەت يۇسۇپ،
جىددە - ئەرەبىستان.

ناھىيە ھاكىممىنىڭ قوبۇلىدا بولدى

ئاخىرقى ۋاقىتلاردا ھەر دەرىجىلىك ھاكىملارنىڭ ئۆز قارىمىقىدىكى ئاھالىلىق پۇنكىتلارغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ تۇرغۇنلىرىنى بىۋاستە قوبۇل قىلىپ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، مۇئاممالىرىنى ھەل قىلىشقا ياردەملىشش ئەنئەنىگە ئايلانماقتا. جەنۇبىي پايتەخت ـ ئالمۇتىنىڭ ھاكىمى ۋىكتور خراپۇنوۋنىڭ كورسەتمىسىگە بىنائەن ئاۋېزوۋ ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ۋ. ن. ئۇستيۇگوۋ 26ـ فېۋرال كۈنى درۇژبا مەھەللىسىدىكى 155ـ رۇس ئوتتۇرا مەكتىۋىدە جامائەتچىلىك ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلدى. ھاكىمنىڭ قوبۇلىدا بولغان درۇژبا مەھەللىسى «مۇزەممىل» مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئابباس قارى ھاجىم قاسىموۋ ناھىيە ھاكىمى ۋ. ن. ئۇستيۇگوۋنىڭ دىققىتىنى مەھەللىدىكى بەزى ھەل قىلىنىشنى كۈتۈپ تۇرغان مۇئامماللارغا قاراتتى. ئۇ مەھەللىدىكى كوچىلارنىڭ ئاسفالتلانمىغانلىقى، ئېلېكتر چىرىغى بولمىغانلىقتىن كېچىلىرى كوچىلاردا مېڭىش خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ئاتاپ كورسەتتى. ئابباس قارى ھاجىم شۇنداقلا مەسچىتتە بىر ئايغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان تۇرۇبىلارنىڭ چىرىپ كەتكەنلىكىدىن ئىسسىق، سوغ سۇلارنىڭ يوقلىغىنى تەكىتلىدى.

ئوز نوۋىتىدە ناھىيە ھاكىمى ۋ. ن. ئۇستيۇگوۋ قويۇلغان بۇ مەسىلىلەرنى پەيدىنپەي ھەل قىلىدىغانلىغىنى تەكىتلەپ، مەسچىتنى ئىسسىق، سوغ سۇ بىلەن ئۈزلۈكسىز تەمىنلەشنى چاپسان ھەل قىلىشنى ناھىيىلىك كوممۇنال ئېگىلىگىنىڭ باشلىغى ئىساخان قالىقوۋقا تاپشۇردى.

نوۋەتتە ناھىيە ھاكىمىنىڭ قوبۇلىدا بولغان بەستىكار ـ كومپوزىتور سېلىماخۇن زەينالوۋ ئوزىنىڭ ھېچ قانداق شەخسى ئىلتىماسى يوقلىغىنى تەكىتلەپ، مەھەللىدىكى كوچىلارنى تەرتىپكە سېلىش، يەنى كېيىنكى دەۋرىدىن مىراس بولۇپ قالغان بەزى كوچىلارنىڭ ناملىرىنى يوتكەشنى ۋە ئۇلارنىڭ ئورنىغا موشۇ يۇرتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەمگىگى سىڭگەن، ئۇرۇش ۋە ئەمگەك ۋېتېرانلىرىنىڭ ناملىرىنى قويۇشنى تەكلىپ قىلدى.

ناھىيە ھاكىمى بۇ تەكلىپنى قارشى ئالىدىغانلىغىنى تەكىتلەپ، تۇرۇشلۇق يەر ـ جايلارنىڭ، كوچىلارنىڭ ناملىرىنى ئوزگەرتىش تەكلىۋىنى ئالدى بىلەن ئايرىم شەخسلەر ئەمەس، بەلكى جەمىيەتلىك تەشكىلاتلار، ئىجادىي ئىتتىپاقلار، مەدەنىيەت مەركەزلىرى شەھەر ھاكىمىغا مۇراجەت قىلىشى لازىملىغىنى، ئاندىن بۇ مەسىلىنى ئونوماستىكا بويىچە كومىسسىيەنىڭ ھەل قىلىدىغانلىغىنى ئاتاپ كورسەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ناھىيە ھاكىمىنىڭ قوبۇلىدا بولغان پېنسىونېر يۇسۇپجان دۇگانوۋ ئاخىرقى ژىللىرى درۇژبىدا مال ئوغۇرلاش جىنايەتلىرىنىڭ كوپىيىپ كەتكەنلىكىنى، 20دىن ئوشۇق ئائىلىنىڭ قوي، كالا، ئاتلىرىنى ئوغۇرلاپ كەتكەنلىگىنى ئېنىق مىساللار بىلەن دەلىللەپ، ئوتكەن ژىلى كۈزدە ئوزىنىڭ ئۈچ كالىسىنى ئوغۇرلاپ كەتكەنلىگىنى، بۇ جىنايەتلەر ھەققىدە ئىچكى ئىشلار ئورگانلىرىغا ئوز ۋاقتىدا ئەرىزە قىلىنغان بولسىمۇ، تا ھازىرغىچە بىرمۇ ئوغرىنىڭ قولغا ئېلىنمىغانلىغىنى ئاتاپ كورسەتتى.

ناھىيە ھاكىمى بۇ مەسىلىنى ئوز نازارىتى ئاستىغا ئالىدىغانلىغىنى تەكىتلەپ، ئاۋېزوۋ ناھىيەلىك ئىچكى ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىغى پولكوۋنىك ئېرمېك ئەمرۋانوۋقا جىنايەتچىلەرنى ئىزدەشتۇرۇش ئىشىنى جىددىي قولغا ئېلىشنى تاپشۇردى. ناھىيە ھاكىمى ئوزلىرىنىڭ ھەر خىل مۇئاممالىرى بىلەن كەلگەن كوپلىگەن كىشىلەرنى قوبۇل قىلىپ ئۇلارنىڭ مۇراجەتلىرىنى دىققەت بىلەن تىڭشاپ، ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنى ساھالار بويىچە جاۋاپكەر شەخسلەرگە تاپشۇردى. ۋلادىمىر ئۇستيۇگوۋ ئوزىگە ھەمرا بولۇپ كەلگەن: ناھىيەلىك كوممۇنال ئېگىلىگىنىڭ باشلىغى ئى. م. قالىقوۋ، ناھىيەلىك ئىچكى ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىغى ئى. ت. ئەمرۋانوۋ، ناھىيەلىك ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي تەمىنات مەركىزىنىڭ باشلىغى ئورىنتاي قاپپاسوۋا، يەرلىك ئوزىنى ئوزى باشقۇرۇش 2ـ كومىتېتىنىڭ رەئىسى ت. ئى. ئابدۇللايېۋ ۋە باشقىلارغا ئاھالىنىڭ تەلەپ ـ ئىستەكلىرىگە قۇلاق سېلىپ، مۇئەممالىرىنى ھەل قىلىشقا ياردەم قىلىشنى ۋە قىلىنغان ئىشلار توغرىلىق ئۇنى خەۋەردار قىلىپ تۇرۇش ۋەزىپىسىنى ژۈكلىدى.

يادىكار سابىتىي.



ئۈچقۇن قۇربانئىنيازوۋ چۈشەرگەن سۈرەت.

ژىللار ۋە ئادەملەر

ئەل ئۈچۈن يارالغان ئىنسانلار

ژىللار نېمە دېگەن تېز ـ چاپسان ئوتىدۇ. 70 ـ 80 ـ بەلكى 90 ياشاپ ئارقاڭغا بىر قارىساڭ، ھېچ نېمە يوقتەك بايقىلىدۇ. بىراق، باللىق، ياشلىق چاغلار، قۇربىڭغا يەتكەن مەزگىللەرنى خىيالەن ئارىلىساڭ، تەلۋە ـ بەگۇۋاشلىق كۈنلەر، ئادەم كۈچى تەنگە سىغمىغان ژىگىتلىك جۇشقۇن ۋاقىتلار، ھە، تېخى كىملەرگىدۇر پەش تارتقان ئىزگۇ مۇھەببەت ۋە ھايات دەرياسىغا غۇلاچ تاشلاپ شوق ئۈزگەن غۇرۇر، بەلكى تاغدەك داۋۇلغان دولقۇن، ئۆيقۇنلارنىڭ سىنى داسىغا تارتىشلىرى. قىسقىسى ئومۇرنىڭ ئاچچىق ـ چۇچۇكلىرى كوز ئالدىڭدا بىر نامايەن بولىدۇ.

ئېھ، ھايات! سەن نېمە دېگەن گوزەل. نېمە دېگەن مۇقەددەس! سەن نېمە دېگەن مۇشەققەتلىك بۇيۇك داۋان! ئىنسان قىلىنغان مەنزىل ئاخىر سەراپ (ئېزىتقۇ) بولۇپ قالىدۇ. يالغانچى پانى دۇنيا دېگىنى شۇ بولسا كېرەك...

ھە. بىللە ئوسكەن تەگتۇش يارۇ ـ بۇرادەرلەر قېنى!؟. بىزگە پالتۇشېۋلار ئائىلىسى بىلەن قويۇق ئارىلىشقا توغرا كەلدى. «ئائىلىنىڭ ئىناقلىغى ـ ئايالنىڭ ئاقىل، مۇلايىم، ئوز ئارا سەممىي، باللارغا نىسبەتەن مېھرىۋان بولۇشىغا بىرغلىق» ـ دېگەن ئېكەن ئەخمەت يۇگنەكى. مېنىڭ ھاياتتا كام ئۇچرايدىغان ئۇ ئائىلىگە قەۋەت زوقۇم كېلەتتى...

ـ ئۇراخۇن ئاكا، بېشىڭىز چۇشۇپ كېتىپتۇغۇ، ـ دەپ ئەھۋال سوراپتۇ موسەپىتتىن بىر تونۇشى.

ـ ھە. ئۇكا، نېمە دەيسەن، ئىچىم پۇشۇپ ئولتاردىم. ئادەم يوق، ئادەم!.. دېگىدەك.

ـ ۋاھ، نېمە دېگىنىڭ. ئوپ ـ چۇرەڭدىكى خولۇم ـ خوشنىلار ئادەم ئەمەسمۇ؟..

ـ ئۇغۇ راست، ئاما، مېنىڭ كېيىمنى چۈشىنىدىغان، مەن ئۇنى چۈشىنىدىغانلار يوق ـ دېگەن ئېكەن. دېمىسىمۇ، ياش ئۇلغايغاندا تەگتۇش، ئۈلپەتلەر خۇددى كەچكۇز مەھەل سارغىيىپ توكۈلگەن يوپۇرماقتەك بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى، خوش دېيىشكە ئۇلگەرمەي كېتىپ بارىدۇ، چوڭلارنىڭ ئارىسى شالاڭلاپ قېلىۋاتىدۇ...

خەيرىيات، مانا بۇ ژىل قەدىناس دوستىمىز تۇرسۇن پالتۇشېۋنىڭ ۋاپاتىغا ئون ژىل بوپتۇ... تۇرسۇن ئەزەلدە يالغان، قۇۋلۇق، ھارامىلىقنى ئۈچ كورۇدىغان راسچىل، بىر ئېغىزمۇ ناشايان كېپى يوق، ئېسىل ئادەم ئېدى، ھەقىقى ئىنسانلاردا بولۇشقا تېگىشلىك پاكلىق، كەمتەرلىك، تەمكىنلىك، ئومۇمەن ئىنسانپەرۋەرلىك ئۇنىڭ تەبىئىتىدە مۇجەسسەم ئېدى. ئاتاقلىق فىلوسوپ ـ شائىر ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «دۇنيادىكى ھەر قانداق گوزەللىك، ھەر قانداق مۇقەددەسلىك ئىنسانىڭ ئىنسان بىلەن ئىنسانى مۇناسىۋىتىدىن ئەۋزەل ئەمەس» ـ دەيدۇ. ئۇنىڭ موشۇنداق ئادەملەرنى ئەزەردە تۇتقانلىغى تەبىئىي.

مەن تۇرسۇن بىلەن 1937 ـ ژىللىرى غۇلجا دۇڭ مەھەللىدە تونۇشتۇم. ئۇ كۈرە پېدئۇچىلىشېشىدا ئىككى ژىل ئوقۇپ، ئۈچىنچى ئوقۇش ژىلىنى غۇلجا گىمنازىيەدە 1942 ـ ژىلى تاماملاپ مۇئەللىم بولدى. 1943 ـ ژىلى ئۇرۇمچى يېنىدىكى ساموليوت قۇراشتۇرۇش زاۋۇدىدا ئىشلەپ، ئىلىم ئىزدەش كويىدا قازاقستانغا ئوتۇپ كېتىدۇ.

ت. پالتۇشېۋ 1923 ـ ژىلى مارتتا ئالمۇتا ۋىلايىتى چېلەك ناھىيەسىنىڭ كېيىكباي يېزىسىدا خىزمەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىدۇ. ئانىسى ئۇنى 1931 ـ ژىلى غۇلجىغا ئېلىپ كەتكەن ئېكەن. تۇرسۇننىڭ ماكا سوزلەپ بېرىشىچە دادىسى ئىسمائىل پالتۇشېۋ قازاقستاندا كېڭەش ھوكۇمىتى ئورنىغان 1918 ـ ژىلى مارتتا ئاتاقلىق ئەرباپ ئابدۇللا روزىباقىيېۋ ۋە ئىسمائىل تائىروۋلارنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن چېلەك ناھىيە ئىجرائىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولۇپ، 1925 ـ ژىلى كېزىك كېسىلى بىلەن ۋاپات بولغان ئېكەن. دېمەك، ئىسمائىل ئاكىمىز ئەشۇنداق مۇھىم مەسئۇلىيەتلىك ۋەزىپىلەر ئاتقۇرۇپ، خەلق كوڭلىدىن ئورۇن ئالغان زىيالىلارنىڭ بىرى ئېكەنلىگى مەلۇم.

1961 ـ ژىلى ياز مەھەل بىز ئاغىنە ئىككىمىز ئالمۇتىدا تەسادىپى ئۇچرىشىپ قالدۇق، قۇچاغلىشىپ كورۇشتۇق. ھېكايە قىلىشىچە تۇرسۇن ئۇ كەمدە ئالمۇتىغا كېلىپ قارغالى سۇكنو كومبىناتىدا ئىشچى، ئاندىن ئۇستا، 1949 ـ 1954 ـ ژىللىرى تاشكەنت توقۇمىچىلىق ئىنستىتۇتىنى تاماملاپ، سەمەرقەنتتە شايى توقۇش كومبىناتىدا ئىنژېنېر بولۇپ خىزمەت قىپتۇ. ئوزى بىلەن بىللە ئوقىغان كلارا ئەخمەتخان قىزى بىلەن ئوي ـ ئوچاق بولۇپ، بىللە خىزمەت قىلىپ، ئاندىن ئالمۇتىغا خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن يوتكۈلۈپ كەلگەن ئېكەن.

1961 ـ 1963 ـ ژىللىرى ت. پالتۇشېۋ ئالمۇتا گىلەم فابرىكىسىغا باش ئىنژېنېر، ئايالى كلارا ئالمۇتا شەھەرلىك ئىجرائىي كومىتېتى سانائەت بولۇپ باشلىغى بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1963 ـ 1967 ـ ژىللىرىغىچە پالتۇشېۋ كونا گىلەم فابرىكىسىنى زامانىۋىي تېخنىكا بىلەن يېڭىلايدۇ، كلارا جۇمھۇرىيەتلىك سانائەت باشقارما باش ئىنژېنېرى بولۇپ ئىشلەيدۇ. قول ھۇنەرۋەنچىلىكىنى يولغا قويۇشنى مەخسەت قىلغان ت. پالتۇشېۋ 1970 ـ ژىلى كونا كارخانا ئورنىدا «تۇسكىئىز» فابرىكىسىنى تەشكىل قىلىپ، دىرېكتور، كلارا بولسا ئۇ كەمدە گىلەم فابرىكىسىدا باش ئىنژېنېر ۋە بىر ژىلدىن كېيىن، يەنى 1971 ـ ژىلى گىلەم فابرىكىسىغا دىرېكتور بولۇپ تايىنلىنىدۇ. بۇ ئائىلىدىكى ئەر ـ ئايال قوش دىرېكتورلار پائالىيىتى قىزغىن داۋام قىلىدىكەن. ھوكۇمەت تەرىپىن مۇكاپاتلىنىدۇ، كلاراغا «جۇمھۇرىيەت يېنىك سانائىتىنىڭ خىزمەت كورسەتكەن ئەربابى» دېگەن نام بېرىلدى ۋە «خەلقلەر دوستلۇغى» ئوردېنى بىلەن تەغدىرلەندى. 1984 ـ ژىلى پالتۇشېۋ پەخرى پېنسىيەگە چىقىدۇ. 1988 ـ ژىلى پېنسىيەگە چىقىشقا تېگىشلىك كلارا پالتۇشېۋانى يېنىك سانائەت مىنىسترلىگىنىڭ قوللاپ ـ قۇۋەتلىشى ھەم كلاراخانىمنىڭ ئۈمۈمىي ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئىچىدىكى يېتۈك ئابرويى تۇپەيلى 1995ـ ژىلىغا قەدەر ئوز ئورنىدا ئىشلەپ جۇمھۇرىيەتلىك دەرىجىدە پەخرىي پېنسىيەگە تەنتەنىلىك ئوزىتىلىدۇ.

ئومرىنىڭ ئاخىرىدا قان بېسىمى ئاغرىغى بىلەن بىئارام بولۇپ، ئاغرىقخانا يولىغا كىرىپ قالغان ئاغىنىمىز ياخشى بولۇپ كېتەلمىدى. «ئاغرىغى ئېغىر» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ دەررۇ يېتىپ باردىم... قىزى مۇنەۋۋەر ئىشكنى ئېچىش بىلەن ئوكسۇپ ھازا ئاچتى. ئەتتەك ئاخىرقى تىنىق ئالدىدا خوشلىشش پۇرسەت ماڭا نەسىپ بولمىدى... پاتىھا ـ تەزىيە ئۈچۈن كەلگەن ئىككى ـ ئۈچ كىشى قاتارىمدىن ئورۇن ئالدى. ئارا چولىدا مونۇ قىتئە ـ شېرىم مىيەمدە تەكرارلاندى:

سوزلە قەلەم، تەۋرەن قەلەم، تاۋلان قەلەم،
ئاگىھان قالساڭ تىنىقتىن قىلسەن ئەلەم.
كۈتەر پۇرسەت تاغدەك ئىشلار. نەئەجەپ، نەسىبە،
بولسا ئىلھام مەلىكىسى پېقىرغا ھەمدەم.
بۇنىڭ بىلەن بەخت پۇتمەس، نېچۈن بۇ ژۇرەك،
ئارام ئالۇر مەنزىلگاھقا يەتمىسە قەدەم.

بۇ تەسادىپى ئەمەس ئېدى. ئۇنداق بولغىنى، پالتۇشېۋلار ئەر ـ ئايال ئۈچ ژىل ئىلگىرى ئاتا يۇرتنى زىيارەت قىلىپ غۇلجىغا بارغىنىدا ئەتتەي ۋىلايەتلىك ھوكۇمەت بىلەن بامەسلىھەت ئىسلاميۇزىدە گىلەم فابرىكىسى قورۇپ بېرىش مەسىلىگە ئېغىز ئاچقان ئېكەن. خەير ئىشلار ئوڭغا تارتىپ، ئىككى دولەت ئوتتۇرىسىدىكى رەسمىيەتلەر ۋە ماشىنا ـ تېخنىكىلارمۇ بىر تەرەپ بولۇپ، ئىشقا قولمۇ سېلىنغان ئېدى. مەن شۇ ئارىدا ئۇلارنىڭ ئويىدە ئولتارغىنىمدا:

ـ مەخسەتلىك تۇردە خاسىيەتلىك بىر ئىشقا قول سالىسىلەر، ئاقىۋىتى ئاۋات بولسۇن، ـ دەپ مەنالىق تىكىلىۋىدىم، تۇرسۇن دەرھال چۈشىنىپ سەل ئويلانغاندىن كېيىن دېدى:

ـ ئاداش، ئوزىمىز شۇ ياشقا كېلىپ، ئانا دىيارىمىزدىكىلەرگە نېمە قىلىپ بىرەلىدۇق، دېگەن پىكىر مېنى بىئارام قىلىپ كېلىۋېدى. كلارا ئىككىمىز، ئېگىز يەرگە قولىمىز يەتمىسمۇ يەتكەننى قىلىپ تۇرايلى دېدۇق... ئىسلام يۇزىدە ئۇگۇتتەك تازا نەچچە يۇزلىگەن قىز ـ ژىگىتلىرىمىز ئىشسىز ئېكەندە، بىزنىڭ بۇ قىلغىنىمىز بەزى دېخانلىرىمىزنىڭ سوۋاپ ئۈچۈن «ئوتكەن ـ كەچكەنلەرنىڭ ئوسسۇزلىغىنى بولۇپ قالار» دەپ يول بويىغا قوغۇن ـ تاۋۇز تېرىپ قويغۇچىلىك ئىش ئەمەس...

تۇرسۇن بىلەن كلاراخانىم بىر ئوغۇل، بىر قىز تەربىيەلەپ تاكامىلغا يەتكۈزۈپ ئوستەردى. باللار ئىستىقبالىدىن ئاتا ـ ئانا، ئورۇق ـ تۇققانلار ئەمەس، بۇ ئائىلە قۇۋۋىلىشىپ ژۇرگەنلەرمۇ رازى.

ئېيتماقچى بولغۇنۇم، تۇرسۇننىڭ يۇكسەك ئارمانلىرى بار ئېدى... ئۇنىڭ روھىنى باللىرى، نەۋرىلىرى قوللىغاي.

مەسىجان زۇلپىقار.
يازغۇچى.

● تارىخ سەھىپىسىدە

20 - ئەسىرنىڭ 40 - ژىللىرىدىكى شىنجاڭنىڭ سىياسىي

20 - ئەسىرنىڭ 40 - ژىللىرىدا ئۇيغۇرستاندا چوڭ ۋەقەلەر يۈز بەردى. س س س رنىڭ بىۋاستە تەسىرى ئاستىدا ئۆلكىنىڭ ئۈچ ۋىلايىتىدە مىللىي - ئازاتلىق ئىنقىلاپ پارتلاپ 1944 - ژىلى نويابىردا مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. ئەندى يەنە شۇ س س س رنىڭ بىۋاستە ھەرىكەت قىلىشى بىلەن خەلقىمىز يەنە مۇستەقىللىقىدىن ئايرىلدى. بۇ چاغدا ئۈرۈمچىدە يەنە بىر چوڭ دولەت - ئا ق ش كونسۇلخانىسى ھەرىكەت قىلغان، ئۇ ئۆلكىدىكى ۋەزىيەتنى ئۆز مەنپىيەتلىرىدە پايدىلانماقچى بولغان. تۆۋەندە بىز ئۈرۈمچىدىكى ئا ق ش كونسۇلخانىسىنىڭ پائالىيىتى توغرىلىق يېزىلغان شۇنىڭ «20 - ئەسىرنىڭ 40 - ژىللىرىدىكى شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدىكى بوران چاپقۇن ۋە ئامېرىكا كونسۇلخانىسى» دېگەن ماقالىسىنى سەل قىسقارتىشلار بىلەن دىققىتىڭلارغا ھاۋالە قىلدۇق. مۇئەللىپىنىڭ بەزى پىكىرلىرىگە قوشۇلالمىساقمۇ، ئۇلاردىن كېزىتخان توغرا خۇلاسە چىقىرىۋالىدۇ دەپ ئويلايمىز.

20 - ئەسىرنىڭ 40 - ژىللىرى جۇڭگونىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر بولغان دەۋر ئىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭ قورۇل سىرتىدىكى ژىتىم ئارالدەك ئىچكى - تاشقى مالىمانچىلىق ئىچىدە داۋالغۇپ تۇراتتى، ئامېرىكا بىلەن كېڭەش ئىتتىپاقىنىڭ 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، خەلق ئارا زومىگەرلىكنى تالىشىدىغان مۇھىم ھالقىسىغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى ئامېرىكا دىپلوماتىيە سىياسىتىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە داۋالغۇپ تۇرغان شىنجاڭ ۋەزىيىتىدە مۇھىم ۋە ئالاھىدە رول ئوينىدى، بۇ شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم تېمىغا ئايلاندى. خەلق ئارا دىپلوماتىيە كۆرىشىنىڭ مۇرەككەپلىكلىكى، بۇ ھەقتىكى ماتېرىياللارنىڭ كاملىقى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بۇ تېما ئۇزۇندىن بۇيان تەتقىق قىلىنماي كەلدى، تەتقىق قىلىشقا ئۇرۇنۇپ باققانلارمۇ ئاز بولدى. مەن ئېلىمىزدە نەشر قىلىنغان ئازغىنە ماتېرىيالغا تايىنىپ، بۇ ماقالىنى يېزىپ چىقتىم، بۇ ئەمگىكىمنىڭ مۇشۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئاز - تولا ياردىمى تېگىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس، دېگەن ئۈمىدتىمەن.

2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە خەلق ئارا فاشىزمغا قارشى ئۇرۇش يۈزىسىدىن جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بىر تەرەپتىن جۇڭگوغا ياردەم بېرىپ، جۇڭگو ئۇرۇش مەيدانىدىن پايدىلىنىپ ياپونىيەنى تۈتۈپ تۇرۇش ئارقىلىق، تىنچ ئوكيان ئۇرۇش مەيدانىغا بولغان بېسىمنى يېنىكلەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى يۆلەپ، ئامېرىكىنىڭ شەرقىي ئاسىيادىكى تەسىرىنى كەڭەيتىپ، كېڭەش ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرىنى چەكلەش ئارقىلىق، ئۇرۇشتىن كېيىن جۇڭگودىكى مەنپەئەتكە ئۆزى يالغۇز ئېگە بولۇشقا تەييارلىق كۆردى. شۇڭا ئامېرىكا روسىيەنىڭ ئەنئەنىۋى تەسىر دائىرىسى بولغان ۋە سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدا مۇھىم ستراتېگىيەلىك ئورۇنغا ئېگە بولغان شىنجاڭغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، شىنجاڭ ۋەزىيىتىگە ئارىلىشىش پۇرسىتىنى كۈتمەكتە ئىدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، جۇڭگونىڭ شىمالىي، جەنۇبىي ۋە غەربىي - شىمالىي قىسىملىرىنى شۇندالا شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈردى. شىنجاڭنىڭ دۇبەنى شېڭ شىسەي خەلق ئارا ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە كېڭەش - گېرمانىيە ئۇرۇش ۋەزىيىتىنىڭ ياماللىشىشى نەتىجىسىدە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، 1942 - ژىلى 8 - ئايدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى ھەمدە ئامېرىكا - ئەنگلىيە تەسىر كۈچىنى شىنجاڭغا كىرگۈزۈپ، كېڭەش ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرىنى چەكلەش ھەققىدە تەكلىپ بەردى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەدرىجىي ھالدا ئۈرۈمچىدە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىنىڭ ئالاھىدە خادىم مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، ئامېرىكىدا ئوقۇغان دىپلومات ۋۇزېشياڭنى ئالاھىدە خادىملىققا تەيىنلىدى، مەھكىمىدە يەنە ئامېرىكا - ئەنگلىيە بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، كونسۇلخانا قۇرۇش ۋە ئالاقىلىشىش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىندى. شۇ ژىلى 12 - ئايدا جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە كونسۇلخانا قۇرۇشىغا قوشۇلدى. كېيىنكى ژىلى 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ كاتىپى كلۇۋب بۇيرۇققا بىنائەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ تۇنجى كونسۇللۇقنى ئۈستىگە ئالدى. كونسۇلخانىنىڭ ئورنى تەخمىنەن 7000 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئەنلىياگدىكى ياگماۋخۇ 1 - كوچا 5 - قورۇ (ھازىرقى غالىبىيەت يولى تىنچلىق كوچىسى 1 - قورۇدىكى 8 - ئارمىيە ئىش باشقارمىسى) دا تەسىس قىلىندى. ئامېرىكا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىناسىنى ئىجارىگە ئالدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، ئامېرىكا كونسۇلخانىسى ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى: بىرىنچى، ھىندىستان ۋە شىنجاڭ ئارقىلىق ئىچكىرىگە توشۇلىدىغان، ئامېرىكا ياردەم قىلغان نەرسىلەرنى توشۇشقا ھەمكارلىشىش ئارقىلىق جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىنى قوللىدى. ئىككىنچى، شىنجاڭنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە ئارمىيە رەھبەرلىرى ھەمدە جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى مىللەت ۋۇقۇرى قاتلام زاتلىرى بىلەن دوستلىشىش، ئاۋتوموبىلدا شىنجاڭنى ئايلىنىپ ساياھەت قىلىش ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ بولۇپمۇ كېڭەش ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ سىياسىي، ئىختىسادىي، ھەربىي ئاخباراتىنى توپلىدى. 1944 - ژىل 7 - ئاينىڭ بېشىدا ئامېرىكىنىڭ جۇڭچىڭدا تۇرۇشلۇق ئاخبارات خادىمى ماكنان شىنجاڭغا كېلىپ، شىنجاڭنىڭ يەر شەكلى، ھاۋا رايى، چېگراسى ۋە ئايرودروملىرى قاتارلىق كوپ خىل ھەربىي نىشانلىرىنى تەكشۈردى. 1947 - ژىل 7 - ئاينىڭ بېشىدا ماكنان ئۈرۈمچىگە كېلىپ، كونسۇلخانىنىڭ كاتىپى، مۇۋەققەت مۇئاۋىن كونسۇلى بولدى. 1948 - ژىلى 12 - ئايدا مۇئاۋىن كونسۇللۇققا تەيىنلىنىپ، مەخسۇس ئاخبارات خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. ئۈچىنچى، ئامېرىكا تەسىر كۈچىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ھەر خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق، ئامېرىكىنىڭ رەسىملىك ژۇرناللىرى، سۈرەتلىرى ۋە گېزىت - ژۇرناللىرىنى تارقاتتى؛ ئەنلىياگدا ئامېرىكا كىنولىرىنى ھەقسىز قويدى، كونسۇلخانا ئىچىگە چېدىر تىكىپ، ھەقسىز كېسەل داۋالىدى؛ ئىنگلىز تىلى كۇرسى ئاچتى، كۇرسقا كونسۇلنىڭ خانىمى رىياسەتچىلىك قىلدى، كۇرستا كونسۇلخانا ئىشچى - خىزمەتچىلىرى سىنىپى، ئۇيغۇر ياشلىرى سىنىپى ۋە شىنجاڭ ئىنستىتۇتى ئوقۇغۇچىلىرى سىنىپىدىن ئىبارەت ئۈچ سىنىپ تەسىس قىلىنىپ، ئامېرىكىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ستراتېگىيەلىك نىشانىغا مۇلازىمەت قىلىش ئۈچۈن، ئامېرىكاپەرەسلەرنى يېتىشتۈردى.

شېڭ شىسەي ئۆزىنى گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئېتىپ، كېڭەش ئىتتىپاقىنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن سىياسىي، ئىختىسادىي ۋە ھەربىي كۈچىنى چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى، موسكۋا تەرەپ بۇ كېڭەش - گېرمانىيە ئۇرۇشىنىڭ ھالقىلىق پەيتىدە كېڭەش ئىتتىپاقى ئارقا تەرەپتىن يېگەن بىر زەربە، بۇنىڭغا چىداپ تۇرۇشقا بولمايدۇ، دەپ قارىدى. شىنجاڭدا ئامېرىكا، ئەنگلىيە كونسۇلخانىلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشى كېڭەش ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بەئەينى بەدەنگە سانچىلغان تىكەن بولۇپ، ستالىننىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن كېڭەش ئىتتىپاقى شىنجاڭغا قاراتقان سىياسىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي قاتارلىق ۋىلايەتلەرنى ئاساس قىلغان ھۆكۈمەتكە قاراتقان قوراللىق كۆرەشلەرنى پائال تەشكىللەپ ۋە قوللاپ، گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قاتتىق زەربە بېرىپلا قالماستىن، يەنە شىنجاڭغا سىڭىپ كىرگەن ئامېرىكا، ئەنگلىيە كۈچلىرىنىڭ ھوشىنى تاپقۇزۇپ قويدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى قوماندانلىق شتاۋى 1945 - ژىلنىڭ بېشىدا گومىنداڭنىڭ غۇلجىدىكى ھەربىي ھاكىمىيىتىگە ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قوزغىدى، ئالدىنقى سەپتىكى ئۇرۇش جىددىي ۋە كەسكىن بولدى. ئامېرىكا كونسۇلخانىسى ئۇرۇشنىڭ تەرەققىياتى ۋە كېڭەش ئىتتىپاقىنىڭ ئارىلىشىش ئەھۋالىنى بىلىشكە ئالدىرىدى. ۋەقەنىڭ جەريانىنى دۇنياغا ئاشكارىلاپ، خەلق ئارانىڭ دىققىتىنى قوزغاش ئۈچۈن، ئامېرىكا كونسۇلى 1 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئۆلكە رەئىسى ۋۇجۇڭشىننى يوقلاپ «غۇلجا ۋەقەسى»نىڭ ئەھۋالىنى ئېگىلەش ئارقىلىق، كېڭەش ئىتتىپاقىغا قارشى جامائەت پىكرى بېسىمى پەيدا قىلماقچى بولدى. ئۇزۇنغا بارماي گومىنداڭنىڭ ئىلىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى قوشۇنلىرى ئارقا - ئارقىدىن تارمار قىلىندى. 23 - كۈنى ۋارود ۋۇجۇڭشىننى يەنە يوقلاپ بېرىپ، ئىلى ۋەقەسىنىڭ ئەڭ يېڭى ئۆزگىرىشلىرىنى سۈرۈشتۈردى ھەم بۇلارنى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ مۇھاكىمە قىلىپ تەدبىر بەلگىلىشى ئۈچۈن يوللىدى. 6 - ئاينىڭ بېشىدا مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتاۋى كېڭەش ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىسىنىڭ ياردىمىدە، شىمالىي، ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي فرونتلاردىن تەڭلا ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئومۇميۈزلۈك كېڭىيىش ھەربىي پىلانىنى تۈزدى ۋە يولغا قويدى، ئۆلكە مەركىزى خۇرۇپ ئىچىدە قالدى. 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ۋارود ۋۇ جۇڭشىننى يوقلاپ ئامېرىكا زۇڭتۇڭى ترومىننىڭ ئالاھىدە ئەلچىسى خويكىننىڭ موسكۋاغا ژۈرۈپ كەتكەنلىكىنى، ئامېرىكىنىڭ «غۇلجا ۋەقەسى»نىڭ داۋاملىق كېڭىيىپ كەتمەسلىكىنى ئۈمىت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەمەلىيەتتە ئامېرىكا بىلەن كېڭەش ئىتتىپاقى غۇلجا بىلەن تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ ئەسلى ھالىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بەزىدە ئۆزئارا سوقۇشتۇرۇپ، بەزىدە تىل بىرىكتۈرۈپ، يەڭ سودىسى قىلىشۋاتاتتى. 1946 - ژىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. كېڭەش ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيەنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇللىرى تەكلىۋىگە بىنائەن غەربىي بېنادا ئۆتكۈزۈلگەن قەسەم بېرىپ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمىغا قاتناشتى. قارىماققا شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى ۋاقىتىنچە تىنچىغاندەك قىلغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە يېڭى بىر نۆۋەتلىك سوغۇق مۇناسىۋەتلەر كۆرىشى تېخىمۇ كەسكىنلەشتى. ئامېرىكا ئىچكى جەھەتتىن ئارىلىشىپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىشكە تىرىشتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئامېرىكا «تۇرمۇش» ژۇرنىلىنىڭ ئايال مۇخبىرى ئىستونس باربارا بىلەن فاگ فاركىل غۇلجىغا بېرىپ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى ژىللىرىدىكى ئاقسۇڭەك ھاكىمبەگ خوجا، مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىسى، داڭلىق باي سودىگەر ئەنۋەر مۇسابايېۋ، مىللىي ئارمىيەنىڭ باش قوماندانى ئىسھاقبېك مۇنۇنوۋ، ھەربىي سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى غېنى قاتارلىق داڭلىق ئەرباپلارنى زىيارەت قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى ۋە كېڭەش ئىتتىپاقىنىڭ ياردەم بېرىش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. ئارقىدىنلا ئامېرىكا كونسۇلخانىسىنىڭ مۇئاۋىن كونسۇلى ماكنانمۇ ئىلىغا بېرىپ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت گېزىتخانىسىنىڭ باش مۇھەررىرى، ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىۋى، دېموكراتىك ئىنقىلاۋى پارتىيەسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەسئەت ئىسھاقوۋ ۋە كېڭەش ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى دوباشىنلارنى زىيارەت قىلىپ، كېڭەش ئىتتىپاقىنىڭ ياردەم بەرگەنلىكىگە ئائىت ئاخباراتلارنى توپلاپ، خەلق ئارادا كېڭەش ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇش، كېڭەيمىچىلىك قىلىش دولقۇنى قوزغىدى.

1947 - ژىل 6 - ئاينىڭ بېشىدا شىنجاڭدا يەنە بەيتىك ۋەقەسى يۈز بەردى. بۇ تاشقى موڭغۇلىيە قوشۇنلىرىنىڭ شىنجاڭنىڭ كۆچۈكدىكى چېگراسى بەيتىك تېغىغا تاجاۋۇز قىلغانلىقىدىن كېلىپ چىققان بىر مەيدان قوراللىق توقۇنۇشتۇر. ئامېرىكا بۇ ۋەقەدىن پايدىلىنىپ، كېڭەش ئىتتىپاقىغا ۋە كوممۇنىزمغا قارشى تۇردى. 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ماكنان ئوسمان ئىسلامنىڭ ھەمراھلىقىدا بەيتىك تېغىنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىغا چىقىپ، ئەتراپنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە خەرىتە سىزدى. ئامېرىكا خەلق ئارا «ئاخبارات» خەۋەرلەر باشقارمىسىنىڭ مۇخبىرى روبسون، ئامېرىكا بىرلەشمە ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىرى ماتسون، «نيۇ - يورك خەۋەرلىرى» گېزىتىنىڭ ئايال مۇخبىرى پېك، «نيۇ - يورك پېشۋالار مۇھاكىمە مۇنبىرى» گېزىتىنىڭ مۇخبىرى لاند، فرانسىيە ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىرى ساۋالىل قاتارلىقلار 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى شىنجاڭغا زىيارەتكە كەلدى. بەزىلىرى بەيتىك تېغىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بەيتىك ۋەقەسى دولەت ئىچى ۋە سىرتى كۆز تىكىدىغان قىزىق نۇقتىغا ئايلاندى. شۇ چاغدا ئامېرىكا گېنېرالى مارشال جۇڭگودا كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن گومىنداڭ ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى ياراشتۇرۇۋاتاتتى، ماكنان گومىنداڭنى تەشۋىقاتنى كېڭەيتىشكە قۇترىتىپ، ئامېرىكىنىڭ دىققىتىنى قوزغاش ئارقىلىق بۇ ئىشقا ئارىلاشتۇرۇپ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرمەكچى بولدى.

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئىچكى ئۇرۇشتا سىياسىي جەھەتتە خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتتى، ئىختىسادىي جەھەتتە ۋەيران بولۇش گىرداۋىغا بېرىپ قالدى، ھەربىي جەھەتتە قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. ئامېرىكا گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قالغانلىقىنى ئالدىن بايقاپ، كېڭەش ئىتتىپاقىغا قارشى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى سىياسىتىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن جۇڭگودىن يېڭى ۋاكالەتچى تېپىش كويىغا چۈشتى. ئۇلار شىنجاڭدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن چوقۇم يەرلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىن كېڭەش ئىتتىپاقى ۋە كوممۇنىزمغا قارشى كىشىلەرنى تېپىش كېرەك، دەپ قارىدى.

ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭدىكى كېڭەش ئىتتىپاقى ۋە كوممۇنىزمغا قارشى سىياسىي گۇرۇھلار سىياسىي نىشانى، مىللەت قۇرۇلمىسى ۋە ئەمەلىي كۈچى، ئورنىغا ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك ئۈچ گۇرۇھقا ئايرىلغانىدى، بىرىنچى، ئۆلكە رەئىسى مەسئۇد ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىۋى ئەيسا باشچىلىقىدىكى ئەمەلدارلار، ئۇلار گەرچە ئىلگىرى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە بويسۇندۇرۇلغانلىقىنى بىلدۈرگەن ھەمدە جىيالڭ جىېشى تەرىپىدىن مۇھىم ۋەزىپىلەرگە قويۇلغان بولسىمۇ، پانتۈركىزىم ۋە پانئىسلامىزمنى تەرغىب قىلىپ، **مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى قۇرماقچى بولغان**، ئۇلار ئۇيغۇر ياشلىرى ۋە زىيالىيلىرى ئارىسىدا، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا مۇئەييەن كۈچ ۋە تەسىرگە ئېگە ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىختىسادىي كۈچى ۋە ھەربىي قورال - ياراقلىرى بولمىغاچقا، چوقۇم خوجايىنغا تايىنىپ، پۇرسەت كەلگەندە سىياسىي نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولغان.

گومىنداڭ ئارمىيەسى ئاتلىق 1 - شىنىڭ باشلىقى ما چېڭشياڭ، 78 - شىنىڭ باشلىقى يې چېڭ، 179 - لۈينىڭ باشلىقى لوشۇرېنلار باشچىلىقىدىكى گومىنداڭ ئۇرۇش تەرەپدارلىرى، ئۇلارنى غەربىي شىمالدىكى مىللەتچى ما بۇفاڭ، مەركەز ئارمىيەسىنىڭ قوماندانى خۇزۇڭنەن ۋە گومىنداڭ «جۇنتۇڭ» (گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ھەربىي كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈش - ستاتىستىكىلاش مەھكىمىسى) شپىئونلۇق ئورگىنى كونترول قىلىدۇ. ما چېڭشياڭنىڭ ئاتلىق 1 - شىسى فېئودال، مۇستەبىت، دىن كونترول قىلىدىغان قەبىلىچىلىك قوشۇنىدىكى، ئاھايىتى جاھىل، ئىنقىلاپقا ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىغان، ئۇرۇش دېسە جېنىنى بېرىدىغان، مەلۇم جەڭگىۋارلىققا ئېگە قوشۇن ئىدى. ئۇلار سىياسىي جەھەتتە گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنى ھىمايە قىلىپ، شىنجاڭنىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا قارشى تۇرۇپ، چېگرا رايون خەلقىنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش بايرىقىنى كوتۈرۈۋېلىپ، ئارمىيەنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقىنى ئاشۇرسىمۇ، لېكىن ئىچكى قىسمىدا ئۇرغۇن گۇرۇھلارغا بولۇنگەن بولۇپ، زىددىيەت كوپ ئىدى؛ ۋەزىيەت داۋالغۇپ تۇرغاچقا، ھەممەيلەن ئۆز ئىستىقبالىدىن قايغۇرۇپ، غەم - ئەندىشە قىلاتتى. بۇنىڭدىن باشقا قۇمۇل ۋالىسى، شەرقىي شىنجاڭ كارنىزون قوماندانى يولۋاس، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا ھەمدە بەزى كونا ئەمەلدار، سىياسىئونلار، پارتىيە، گۇرۇھلارمۇ ئۆز ئالدىغا مەزھەب بولۇۋالغان، ئامما ھەر قايسى گۇرۇھلارنىڭ مەنپەئەتى، سىياسىي مۇددىئاسى، مەپكۇرىسى، ئىجتىمائىي ئاساسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرىق چوڭ بولغاچقا، زادىلا سىغىشالمايدۇ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئىچكى ئۇرۇشتا كەينىدىن مەغلۇپ بولۇۋاتقان، غەرىپكە كوكۇل بولۇشكە ۋاقتى يەتمەيۋاتقان پەيتتە شىنجاڭدىكى ھەر قايسى گۇرۇھلار ئۆزلىرىنىڭ چىقىش يولىنى ئىزدەشكە باشلىغاندى. ئامېرىكا كونسۇلخانىسى خەلق ئارا سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىكى غەرىپتىكى كۈچلەرنىڭ ۋەكىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئەمەلىي كۈچى، ئورنى ۋە 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى تەسىرىگە تايىنىپ، سىڭىپ كىرىش، ئۆزىگە تارتىشتىن قەدەممۇ - قەدەم مۇستەقىل بولۇشنى تەشكىللەش، پىلانلاشقا ئۆتۈپ، ئاخىرىدا كوممۇنىزمغا قارشى گۇرۇھلارنىڭ سىياسىي يادروسى ۋە قوماندانلىق شتابىغا ئايلاندى.

ۋەزىيەتتىكى بوران ـ چاپقۇن ۋە ئامېرىكا كونسۇلخانىسى

ئامېرىكا كونسۇلخانىسى 1947 ـ ژىلىلا شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىشنى پىلانلاپ، مەسئۇد، ئەيسا، مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا قاتارلىقلار بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، كۆپ قېتىم ژىغىن ئېچىپ سۇيىقەست پىلانلىدى. 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئەيسانىڭ ئۆيىدە ئېچىلغان ژىغىندا ئەيسا جىياڭ جيېشىدىن شىنجاڭغا «ئاۋتونومىيەدىن ژۇقۇرى، مۇستەقىللىقتىن تۆۋەن» ھوقۇق بېرىشنى تەلەپ قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ماھىيەتتە بۇ مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدىن ئايرىلىپ بولۇنۇشقا قاراپ تاشلانغان ھەل قىلغۇچ بىر قەدەم ئېدى. ئامېرىكا كونسۇلى پاكستون بۇلارنىڭ يا ئىختىسادىي كۈچى، يا ھەربىي ھوقۇقى يوقلۇغىنى، مۇستەقىللىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا غەرپنىڭ كۈچىگىلا تايىنىدىغانلىغىنى، شۇنىڭدەك ئامېرىكىنىڭ قولىغا ئايلىنىدىغانلىغىنى ئېنىق تونۇپ يېتىپ، دەرھال بۇ پىكىرنى ئالقىشلىدى ھەمدە زەھەرخەندىلىك بىلەن قۇتراتقۇلۇق قىلىپ: «باش كاتىپ ئەيسا ئەپەندى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى قايىل قىلىدىغان قالتىس ئادەمكەن»، دەپ يەل بەردى. ئەينى ۋاقىتتا ئامېرىكا پىلانلىغان بولغۇنچىلىك ھەرىكىتى ۋاقىتنچە گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنى ئېتراپ قىلىپ، «ئالىي ئاۋتونومىيە»نى قولغا كەلتۈرۈش دائىرىسىدە ئېدى.

1948 ـ ژىلى گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئىچكى ئۇرۇشتا كەينى ـ كەينىدىن مەغلۇپ بولۇپ، ھۆكۈمرانلىق ئورنى تەۋرىنىپ قالدى، ئامېرىكا پىلانلىغان بولغۇنچىلىك ھەرىكەتلىرى بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ، مۇتلەق مۇستەقىل بولۇشتەك سىياسىي تەلەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 1948 ـ ژىل 6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى مەمتىمىن بۇغرانىڭ ئۈرۈمچىدىكى ھازىرقى ھايۋاناتلار باغچىسىنىڭ ئورنىدىكى ئۆيىدە ئېچىلغان مەخپىي ژىغىندا مەمتىمىن بۇغرا ئامېرىكىنىڭ قوللىشىغا تايىنىپ، شىنجاڭنىڭ «مۇستەقىللىق»نى ئەمەلگە ئاشۇرۇش تەلۋىنى ئوتتۇرىغا قويدى، پاكستون شۇ ھامان بۇ تەشەببۇسنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كۈچىنىڭ يېتىشىچە ياردەم قىلىدىغانلىغىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ماكىنان ئوسماننى قۇترىتىپ «دىننى قوغداش، كېڭەش ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىزمغا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىغا قارشى تۇرۇش كومىتېتى»نى تەشكىللىدى، ئوسمان تەشكىلاتنىڭ مۇئاۋىن باشلىغى بولدى، قوماندانلىق مەركىزى ھازىرقى خەلق مەيدانىدىكى تەڭرىتاغ مېھمانسارىينىڭ جەنۇبىدا تەسىس قىلىندى. ھازىرقى «ئىتتىپاق» يولى ئەتراپىغا ئاتلىق ئەسكەرلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئۇلارنى ئامېرىكا بىلەن گومىنداڭ قىسىملىرى خىراجەت ۋە ئوق ـ دورا بىلەن تەمىنلىدى. قازاق ئوترىتى ئالتاي تېغى ۋە جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە چېگراسى ئەتراپىنى ساقلاپ، ئاخبارات ئېگىلەپ، ئۈچ ۋىلايەتكە ھۇجۇم قىلىش پۇرسىتىنى كۈتۈشكە تەشكىللەندى. ئوسمان بۇيرۇققا بىنائەن سەنتەيگە قايتىپ كېلىپ، ئۈچ چوڭ قازاق ئوترىتىنى تەشكىللەپ، ئۆزى باش قوماندان بولۇپ، ھەربىي گازارما قۇردى. شۇ ژىلى 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئامېرىكا كونسۇلى سانجى كوچەتخانا (ھازىرقى خۇيلىن ئېكولوگىيە تەرەققىيات شىركىتى ئەتراپى) دىكى ژىغىلىشقا قاتنىشىپ، «مۇستەقىللىق» سۇيىقەستى ۋە قەدەم ـ باسقۇچلىرى ھەققىدە مەسلىھەتلەشتى، ژىغىندا «مۇستەقىللىق» نىشانى بېكىتىلىپلا قالماستىن، يەنە ھەرىكەتنى تەشكىللەپ يولغا قويۇش لايىھىسى مۇھاكىمە قىلىندى.

1949 ـ ژىلى ئەتىيازدا قىزىل ئارمىيە سەددىچىننىڭ ئىچىدىكى جايلارنى ئازات قىلدى، گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىغى لىڭشىپ غۇلاپ چۈشۈش گىرداۋىغا كېلىپ قالدى. ئامېرىكا ئۆزىنىڭ جۇڭگودىكى ئۇزۇن مۇددەتلىك مەنپىيەتىنى قوغداش ۋە كېڭەش ئىتتىپاقى كۈچلىرىنىڭ شەرىققە كېڭىيىشىنى چەكلەش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن، غەربىي ـ شىمالدىكى ما بۇفاڭ، ما خۇڭكۈي قاتارلىق يەرلىك تۈزگان مىللەتارىستلىرنى ژىغىپ تەشكىللەپ، «ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇش سۇيىقەستىنى پىلانلاپ، ئۇلاردىن پايدىلىنىپ قىزىل ئارمىيەگە تاقابىل تۇرماقچى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، شىنجاڭدىكى كوممۇنىزمغا قارشى كۈچلەرنى ژىغىپ، «مۇستەقىللىق» سۇيىقەستىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولدى. شۇ ژىلى 5 ـ ئايدا ئامېرىكا كونسۇلخانىسى ژىغىن ئېچىپ، شىنجاڭنى ئازات قىلىشقا قارشى تۇۋەندىكىدەك بىر نەچچە خىل ھەرىكەت لايىھىسىنى بەكىتتى: (1) ئەيسانى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ھەرىكەت قىلىشقا ئەۋەتىپ، ئىغۋا تارقىتىپ، مۇستەقىل بولۇش كەيپىياتى پەيدا قىلىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن مۇستەقىللىقنى تەشۋىق قىلىپ، ئىجتىمائىي ئاساسنى كېڭەيتىشنى قولغا كەلتۈرۈش. (2) مەمتىمىن بۇغرانى خوتەنگە ئەۋەتىپ، «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇشقا مەخپىي تەييارلىق كۆرۈپ، خەلق ئارادىكى ھەر قايسى ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ھېسداشلىغى ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، خەلق ئارادا جامائەت پىكرى پەيدا قىلىش ۋە دۆلەتلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش. (3) مەسئۇدنى جەنۇبىي شىنجاڭغا ھەرىكەت قىلىشقا ئەۋەتىش، زورۇر تېپىلغاندا شۇ جايدا ھۆكۈمەت قۇرۇپ، ئۈرۈمچىدىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرۇش، تەڭرىتاغنى چېگرا قىلىپ جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ تىركىلىشىشىنى پەيدا قىلىپ، ئامېرىكا بىلەن كېڭەش ئىتتىپاقىنىڭ كۈچ دائىرىسىنى تەڭرىتاغ ئارقىلىق ئايرىپ، پەيت كۈتۈپ يەنە ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش. (4) گومىنداڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى ۋە ھەربىي قىسىملىرى ئارىسىدىكى ئۇرۇش تەرەپدارلىرى بىلەن تىنچلىق تەرەپدارلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزگىرىشنى يېقىندىن كۆزىتىش، ئەگەر تاۋ سىيو باشچىلىغىدىكى تىنچلىق تەرەپدارلىرى بىلەن يې چېڭ باشچىلىغىدىكى ئۇرۇش تەرەپدارلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولۇپ قالسا، يې چېڭغا ياردەم بېرىپ بارلىق ھەربىي ھوقۇقنى قولغا كىرگۈزۈش، ئارقىدىن مەسئۇد، مەمتىمىن بۇغرالارنىڭ ھاكىمىيەتنى ئارتۇقلىشىغا ياردەم بېرىش. ئاخىردا ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەتنى بىرلەشتۈرۈپ ئۈرۈمچىدە «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»نىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكالاش ھەمدە قىزىل ئارمىيەنىڭ شىنجاڭغا كىرىشكە قوراللىق تاقابىل تۇرۇپ، تۈزگان مۇستەقىل تۈزۈمى بىلەن قازاق قوشۇنىنى ئۆزلىرىگە تارتىپ «پايتەخت» ئۈرۈمچىنى قوغداش. شۇنىڭغا ئۇلاپلا، ماكىنان كۆپ قېتىم سەنتەي (ھازىرقى جىمسار)گە بېرىپ، ئوسمانغا كۈچنى كېڭەيتىپ، قىزىل ئارمىيەگە قارشى تۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش، «ئەسلىھەلەر»نى پاكستون ئوسماننىڭ ئەيسا، مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا، يولۋاس، مەسئۇد، جانىمخانلار بىلەن زىچ ئالاقىلىشىشى توغرىسىدا يول يورۇق بەردى. پاكستون: «مەن سىلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىشىڭلارنى، ئامېرىكىنىڭ سىلەرگە بەرگەن ياردىمىنى ئوبدان ئىشلىتىشىڭلارنى، بۇ ئارقىلىق كوممۇنىستىك پارتىيەگە ۋە ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى كۈرەشتە غەلىبە قىلىشىڭلارنى ئۈمىت قىلىمەن» دېدى. ئامېرىكىنىڭ ياردەم بېرىشى بىلەن، ئوسمان قاتارلىقلارنىڭ خوربىكى ئېخىمۇ يوغىناپ، ئۈرۈمچى، سانجى، جىمسار، گۈچۈڭ، مورى قاتارلىق جايلاردا قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە قۇتراتقۇلۇق قىلدى.

قىزىل ئارمىيە جاڭجياكۇدىن غەلىبىلىك ئۆتكەندىن كېيىن، شۇ ژىلى 6 ـ ئايدا گومىنداڭ قاتتىق ئوچلىرى ئالدى ـ كەينىگە قاراپ قېچىشقا باشلىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئەمەلىيەت بويىچە غەلىبە قىلىشى مۇقەررەرلىشىپ قالدى. بۇ چاغدا كېڭەش ئىتتىپاقى گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە ئوتتۇرىسىدا قاراپ تۇرۇش پوزىتسىيەسىدىن ۋاز كېچىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى ئاشكارا قوللاشقا ئۆتتى. بۇنىڭ سەۋەبى، ئىشەنچىلىك ئاخباراتلارغا ئاساسلانغاندا، ئامېرىكا غەربىي شىمالدىكى ما ئائىلىسى بەش مىللەتارىستىنى شىنجاڭغا چېكىندۈرۈپ، يەرلىكتىكى كوممۇنىزمغا قارشى كۈچلەر بىلەن بىرلىشىپ «بۈيۈك ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرماقچى بولغان، ئەگەر بۇ پىلان ئەمەلگە ئېشىپ قالسا، شىنجاڭ كېڭەش ئىتتىپاقىنىڭ ئاجىز ئوتتۇرا ئاسىيا قىسمىغا نىسبەتەن كېڭەش ئىتتىپاقىغا قارشى كۈچلەرنىڭ ئالدىنقى سەپ بازىسىغا ئايلىنىپ، ئەڭكىچە غەربىي ئەلپىلەرنىڭ ... شەكىللىنىپلا قالماستىن، يەنە كېڭەش ئىتتىپاقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەر ئارىسىدا روسىيەگە قارشى كۈچلەرنىڭ پەيدا بولۇشى، نەتىجىدە كېڭەش ئىتتىپاقى يولغا قويغان رۇسلاشتۇرۇش ۋە سوتسىيالىزم قۇرۇش قەدەمگە ئېغىر دەرىجىدە توسقۇنلۇق قىلىشى مۇمكىن. شۇڭا كېڭەش ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيەنىڭ تېزدىن شىنجاڭغا كىرىش سۈرئىتىنى تېزلىتىشنى جىددىي تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ۋەكىللىرى ستالىن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، شىنجاڭغا كىرىش ۋاقتىنى ئالدىغا سۈرۈپ 1949 ـ ژىلىنىڭ ئاخىرىغا بېكىتتى. كېڭەش ئىتتىپاقى ھاۋا قاتنىشى ۋە ئارقا سەپ ياردىمى بىلەن تەمىنلەيدىغانلىغىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئامېرىكا كونسۇلخانىسى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىۋاتقانلىغىنى، شىنجاڭدىكى ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەت ئىچىدىكى ئۇرۇش تەرەپدارلىرى بىلەن تىنچلىق تەرەپدارلىرى ئارىسىدا كۆرەشنىڭ كەسكىنلىشىشىنى نەزەردە تۇتۇپ، 8 ـ ئاينىڭ بېشىدا ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىدىكى شىمگودا ژىغىن ئېچىپ، «مۇستەقىل دولەت قۇرۇش»نىڭ دەسلەپكى لايىھىسىنى بېكىتىپ، مۇنۇلارنى قارار قىلدى: (1) ئەگەر يې چېڭ، ما چېڭشياڭ، لو شۇرېنلار شىنجاڭنى جېنىنىڭ بارىچە ساقلاپ ئۇرۇش قىلسا، ئۇ ھالدا ئۈرۈمچىدە دولەتلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلىدۇ، مەسئۇد رەئىسلىككە، مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا ۋە يولۋاسلار مۇئاۋىن رەئىسلىككە، يې چېڭ دولەت مۇداپىيە ئارمىيەسىنىڭ باش قوماندانلىغىغا، ئوسمان مۇئاۋىن باش قوماندانلىغىغا تەيىنلىنىدۇ. (2) ئەگەر يې چېڭنىڭ مەيداندا تەۋرىنىش بولۇپ، ئۈرۈمچىنىڭ ئەھۋالى يار بەرمىسە، ھۆكۈمەت خوتەندە قۇرۇلىدۇ، مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا رەئىسلىككە، يولۋاس بىلەن ئەيسا مۇئاۋىن رەئىسلىككە، ئوسمان دولەت مۇداپىيە ئارمىيەسىنىڭ باش قوماندانلىغىغا تەيىنلىنىدۇ. (3) مۇستەقىل دولەتنىڭ دولەت بايرىغىنىڭ تېگى ئاق بولىدۇ، ئۈستىگە 14 تال قىزىل سىزىق چۈشۈرۈلۈپ، 14 مىللەتكە ۋەكىل قىلىنىدۇ، ئوتتۇرىسىغا ھىلال ئاي بىلەن يۇلتۇزنىڭ بەلگۈسى چۈشۈرۈلۈپ، ئىسلام دولىتىنىڭ بەلگۈسى قىلىنىدۇ. (4) قانداق ئەھۋال يۈز بېرىشىدىن قەتئىي نەزەر يولۋاس چوقۇم قۇمۇلنى چىڭ ساقلىشى، ئوسمان بىلەن بىرلىشىپ قىزىل ئارمىيەنىڭ غەرپكە ژۈرۈش قىلىشىغا تاقابىل تۇرۇشى كېرەك. بۇ مەزگىلدە غەربىي شىمالدىكى ئۇرۇش مەيدانىدا قىزىل ئارمىيە ئارقا ـ ئارقىدىن غەلىبە قىلدى، فۇمېي ئۇرۇشى بىلەن لەنجۇ ئۇرۇشىدا خۇ زۇڭنەن ۋە ما بۇفاڭ قوماندانلىغىدىكى گومىنداڭنىڭ ئاساسىي كۈچىنى يوقىتىپ، چىڭخەينىڭ مەركىزى شىنىڭنى ئازات قىلىپ، خېشى كارىدورىغا قاراپ ئىلگىرىلىدى، ئامېرىكا پىلانلىغان غەربىي شىمالدىكى ما فامىلىلىك بەش مىللىتارىست ئارقىلىق ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش سۇيىقەستى ئەمەلگە ئاشمىغاندىن كېيىن چول ـ باياۋان، مۇز تاغ ۋە خەتەرلىك چوققىلارغا تايىنىپ، قىزىل ئارمىيەنىڭ غەرپكە ژۈرۈش قىلىشىنى توسماقچى بولدى، چېكىدىن ئاشقان مىللەتچىلەر گۇرۇھلىرىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش ئارقىلىق غەربىي چېگرا رايوندا كوممۇنىزمغا قارشى بازا قۇرۇشقا تەلۋەرچە ئۇرۇندى. شۇنىڭ بىلەن كوممۇنىزمغا قارشى كۈچلەرنىڭ كېڭىيىشىگە مەدەت بېرىپ، قىزىل ئارمىيەگە جان جەھلى بىلەن قارشى تۇردى.

8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئامېرىكا كونسۇلى پاكستون خىزمىتىدىن دوكلات بەرگىلى ئامېرىكىغا كەتتى، كونسۇلخانىنىڭ خىزمەتلىرىگە مۇئاۋىن كونسۇل ماكىنان رىياسەتچىلىك قىلدى. بۇ مەزگىلدە كېڭەش ئىتتىپاقىنىڭ باش كونسۇلىنىڭ كېلىشتۈرۈشى بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەت ساھەسىدىكى تىنچلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان تاۋسيۇ بىلەن بۇرھان بىرلەشتى ھەم جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە ئىلى تەرەپتىكى ئۈچ ۋىلايەتچىلەر بىلەن ئالاقىلاشتى. شىنجاڭنىڭ سىياسىي سەھنىسىدىكى كۈرەش تىنچلىقنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار تەرەپكە مايىللاشتى، ماكىنان دەرھال ئۇرۇشپەرەسلەرنى ئۆزىگە تارتىپ، يې چېڭغا ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشقا خىراجەت قىلىش ئۈچۈن 200 سەر ئالتۇن بېرىپ، يې چېڭنىڭ قوراللىق توپىلاڭ كوتۈرۈشكە ئىختىسادىي جەھەتتىن ياردەم بەردى، لېكىن يې چېڭ ھوقۇق ۋە پايدا ـ زىياننى دەڭسەپ كورگەندىن كېيىن، دولەتنى پارچىلايدىغان ۋە غەلىبە قىلىشتىن ئۈمىت يوق بۇ ھەرىكەتكە قاتناشقۇسى كەلمەي، چېكىنىپ چىقىش قارارىغا كەلدى. ماكىنان بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاچچىغىدا يېرىلغۇدەك بولۇپ: مۇشۇنداق توخۇ ژۈرەك نەرسىمۇ جاڭجۈن بولىدىكەن تېخى، ـ دەپ تىللاپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن دەرھال ژىغىن ئېچىپ جەنۇبىي شىنجاڭغا چېكىنىپ، ئاخىرقى قېتىم تاقابىل تۇرۇشنى قارار قىلدى.

9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى، شىنجاڭدىكى ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەتتىكى تىنچلىقنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى، ماكىنان ئۇرۇشپەرەسلەرنىڭ مۇش كوتۈرۈشكە پېتىنالمايۋاتقانلىغىنى ھەم پارچىلىنىپ ئۆز ئۆيلىرىغا كىرىپ كېتىۋاتقانلىغىنى كوردى. شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا كونسۇلخانىسىدا ژىغىن چاقىرىپ، ئوسمانغا ئۇقتۇرۇش قىلىپ، قارىمىغىدىكى ئاتلىق قىسىمنى ژىغىپ، تاۋۇز چاغنى كېچىسى ئۈرۈمچىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، تاۋ سىيو باشچىلىغىدىكى قوزغىلاڭچىلارنى بىراقلا يوقىتىپ، قالايمىقان ۋەزىيەت پەيدا قىلىشنى، ئاندىن ئوسماننىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ ۋەزىيەتنى ژىغىشتۇرۇپ، سىياسىي ھوقۇقنى قولغا ئېلىشنى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قۇمۇلدا قوراللىق توپىلاڭ كوتۈرۈشنى، يولۋاسنىڭ قۇمۇلغا قايتىپ، شۇ جايدا تۇرۇشلۇق قىسىمنى كۈشكۈرتۈپ شۇ جايدىكى مەركىزىي بانكىنىڭ ئامبىرىنى بۇلاپ، شەھەرگە ئوت قويۇپ، قىزىل ئارمىيەنىڭ شىنجاڭغا كىرىشكە توسقۇنلۇق قىلىشنى، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ، يەكەن، خوتەندە قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى قارار قىلدى. ئامما بۇ چاغدا قىزىل ئارمىيە شىنجاڭغا يېقىنلاپ قالغان بولۇپ، كوممۇنىستىك پارتىيەگە قارشى ھەر قايسى گۇرۇھلارنىڭ ياخشى كۈنلىرى كەلمەسكە كەتكەنىدى. تاۋ سىيو ئۇرۇشپەرەسلەرنىڭ توپىلاڭ كوتۈرۈش سۇيىقەستىنى تىزگىنلەپلا قالماي، يەنە ماچېڭشياڭنى شىنجاڭنى تاشلاپ چەت ئەلگە چىقىپ كېتىشكە كوندۇردى. يې چېڭ، لو شۇرېنلارمۇ ئامالسىز چېكىندى، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، ئەيسالارمۇ بىر قىسىم يېقىنلىرىنى باشلاپ پاكىستانغا چىقىپ كەتتى.

9 ـ ئاينىڭ 25 ـ 26 ـ كۈنلىرى ئارمىيە بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئارقا ـ ئارقىدىن تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتقانلىغىنى جاكالىدى. ئامېرىكا كونسۇلخانىسى شىنجاڭدا پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولغانلىغىغا تەن بەرمەي، ئاخىرقى ئۈمىتنى ئوسماننىڭ ئۈستىگە ژۈكلىدى. 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ماكىنان خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ، بارىكول تاغلىق رايونىغا مەخپىي سوقۇنۇپ كىرىپ، ئوسماننىڭ قىسمىغا ئالتۇن ـ كۈمۈش، قۇرال ـ ياراق، ئوق ـ دورا يەتكۈزۈپ بېرىپ، ئۇنىڭغا داۋاملىق زور مىقداردا ياردەم بېرىدىغانلىغى توغرىسىدا ۋەدە بەردى ھەم ھەر قايسى جايلاردا توپىلاڭ كوتۈرۈپ، پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئازات بولۇشىغا (خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ كىرىشىگە ـ تەھرىرات.) توسقۇنلۇق قىلىش توغرىسىدا سۇيىقەست پىلانلىدى ھەم ئۆز قولى بىلەن ئاق ئورۇس قىسىملىرىدىن يۈز نەچچە ئادەمنى تەشكىللەپ، كېڭەش ئىتتىپاقى ۋە ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئەھۋالىنى تىڭ تىڭلىدى. ماكىنان ئاخىرقى ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، شىزاڭ ۋە ھىندىستان ئارقىلىق ئامېرىكىغا قايتتى.

ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى 1943 ـ ژىلى 4 ـ ئايدا قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1949 ـ ژىلى 9 ـ ئايدا ماكىنان شىنجاڭدىن ئايرىلغانغا قەدەر ئالتە ژىل بەش ئاي ۋاقىتنى بېشىدىن ئوتكۈزۈپ، ئاخىرى تارىخ سەھنىسىدىن چېكىندى. ئامېرىكا كونسۇلخانىسى ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان دىپلوماتىيە سىياسىتىنىڭ ۋاكالەتخانىسى. ئۇ ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە جۇڭگوغا پائال ياردەم بەردى، ئازاتلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئامېرىكىغا ۋاكالىتەن خەلق ئارا سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى سىياسىتى ۋە جياڭ جيېشىغا ياردەم بېرىپ، كوممۇنىستىك پارتىيەگە قارشى تۇرۇش سىياسىتىنى ژۈرگۈزدى. ئامېرىكا ئۆزىنىڭ دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن جۇڭگونىڭ غەربىي ـ شىمالىدىكى تۈزگان مىللەتارىستلار، شىنجاڭدىكى پانئىسلامىزمچىلار ۋە پانتۈركىزمچىلار، شىزاڭنىڭ گاشا ھۆكۈمىتىدىكى بولگۈنچى ئۇنسۇرلەرنىڭ بولگۈنچىلىك، مۇستەقىللىق پائالىيەتلىرىگە ياردەم ۋە مەدەت بېرىپ، ئەمەلگە ئاشمىغان بىر مۇنچە خاتىرىلەرنى قالدۇردى. يېرىم ئەسىردىن بۇرۇنقى ئامېرىكا كونسۇلىنىڭ شىنجاڭدىكى ئاشۇ تارىخىنى ئەسلەپ ئوتسەك، كىشىلەرنىڭ چوڭقۇر ئويلىنىپ كورۇشكە تېگىشلىك ۋەھىينىڭ قالدۇرۇلغانلىغىنى ھېس قىلىمىز.

يۇەن شۇ.

(«شىنجاڭ تەزكىرىچىلىگى» ژۇرنالىدىن ئېلىندى).

بىر مەشرەپنىڭ ئىناق ئەزالىرى

مەشرەپ ئويناش ئۇيغۇرلارنىڭ قېدىمدىن داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئويۇنلىرىنىڭ بىرى. مەشرەپ ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيتى، سەنئىتى ۋە ئېتنوگرافىيە خۇسۇسىيتىنىڭ ئاجرالماس بىر قىسمى ھەم ئالاھىدە بىر شەكلىدۇر.

مەشرەپ ـ بۇ ئەرەپچە سوز بولۇپ، بۇيۈك ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئەسەرىدە مەشرەپنى «كىچىك ئولتىرىش ئويۇنى» دېگەن مەنادا ئىزاھلاپ، «سوغدىچ»، «سۈرچۈك» ئوخشاش تۈركىي تىللار مەزمۇنىدا چۈشەندۇرۇپ ئۇ ۋە ئۇلارنى «سورۇن»، «مۇراسىم» دېگەنگە ئوخشاش سوزلەر مەنالىرىدىمۇ بايان قىلىدۇ.

ھەممىمىزگە ياخشى مەلۇمكى، ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنىڭ كۆپ ئەرتۈۋىدىكى مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى ئەدەپ ـ ئەخلاقتۇر. ئەينە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ خەلق ئىچىدە خۇلقى ـ مىجەزى ناچار ئادەملەرنى «مەشرەپ كورمىگەن» دەپ قويىدۇ. ھە، ئەينە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ كىشىلەر: «بالاڭنى مەكتەپكە بەر، بولمىسا مەشرەپكە» دەپ بېكار ئېيتمىغان.

سىلەر كورۇپ تۇرغان بۇ سۈرەتتىكىلەر ئوز مەشرەپنىنى 1960 ـ ژىلىدىن باشلىغان، مانا 40 ژىلىدىن ئوشۇق ۋاقىتتىن بۇيان ئۇلار ئوز مەشرەپنىنى توختاتماي داۋام قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ ژىللار ئىچىدە بىر ـ بىرى بىلەن ئەڭ يېقىن قېرىنداشلاردەك بولۇپ ئىچەكىشىپ كەتكەن مەشرەپ ئەھلى ھەر ژىلى ئوزلىرى سويۇپ ئوقۇيدىغان «يېڭى ھايات» گېزىتىغا تولۇغى بىلەن مۇشتىرى بولغاندىن تاشقىرى ئوزلىرىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇققان، خولۇم ـ خوشنىلىرىنىمۇ گېزىتىمىزغا مۇشتىرى بولۇشقا ئۈندەپ كەلمەكتە.

يادىكار سابىتىي.

سۈرەتتە: (سولدىن ئوڭغا) ئولتارغانلار: زۇنۇن جەلىلوۋ، تەلئەت سابىرھاجىيېۋ، ئائىل مىلىبايېۋ، ئابدۇرېشىت ئەزىموۋ، رەبىقەت سابىتوۋ، ئەخمەتجان مېھرامۇۋ، تۇرسۇن ھاجىيېۋ.
ئۆرە تۇرغانلار: (سولدىن ئوڭغا) خەمىت ئەخمەتوۋ، تەلئەت ھاپىز، ئەنۋەر قۇربانوۋ، سېيىت زۇلپىقاروۋ، قاھار ئىلىياسوۋ، ئەكبەرجان پىرمەھەممەدىي، ئابلەت يۈسۈپوۋ.
ئۇچقۇن قۇربانىيازوۋ چۈشۈرگەن سۈرەت.

نوروز ـ ئەنئەنەۋى مىللىي بايرام. ئۇ ئەمگەك بايرىمى، دوستلۇق ـ ئىناقلىق بايرىمى، ساۋاپلىق بايرىمى، ئامانلىق، شاتلىق بايرىمى شۇڭا بۇ قۇتلۇق بايرامدۇر.

نوروز قوشاقلىرى

نوروز كەلدى جاھانغا جاھان بولۇر ئەرزىنلىق،
ياغدىلەر ئابى نىسان، بۇغدايلار بولۇر دانلىق.
ئاج ـ ئۇرۇق، كەمبەغەل بارچىسى بولۇر جانلىق،
توخۇلار تۇخۇم بېسىپ، جۈجىلەر كۆڭلى بۇگۈن.

* * *

كەلدى نورۇز ژىل بېشى، كەتتى كوگۈللەر چىركىنى،
نورۇز دىيان كېلۇرلەر ئەر ـ ئايالار تۇركۇنى.
گۇللەر قىسىپ ئوغۇل ـ قىز، قىڭغىر كىيەر بوركىنى،
نەغمە ـ ناۋا، ساما بىلەن ئاچار كوڭۇل مولكىنى،
قايغۇ، ھەسرەتكەر كېتىپ، يارشار كۆڭلى بۇگۈن.

* * *

كەلدى نورۇز ژىل بېشى خۇش مۇبارەكتۇر بۇگۈن،
قىش كېتىپ، يازلار يېتىپ كەلدى باھار گۇلزار بولۇپ.
ئاچىلىپ گۇل ـ چېچەكلەر، تاغۇ ـ تاش باغلار ئارا،
بارچە مەخلۇق جانىۋارلار شادۇ خۇرامدۇر بۇگۈن.
قىز ـ ئوغۇل ئەۋلادىنى مەكتەپكە بەرسە ھەر كىشى،
قىلغۇسىدۇر، بىل ئەزىز تەڭرىم ئانى ئاگلا بۇگۈن.

* * *

كەلدى نورۇز ژىل بېشى، كەتتى زىمىستاندىن جۇدا،
جىمى ئالەم خەلقىگە رەخمەتنى ياغدۇر خۇدا.
ھەر كىشى پەرزەندىنى مەكتەپكە داخىل ئەيلىسە،
ئول كىشىنى جەننەتى مەۋادا قىلغايەن خۇدا.

* * *

سېتىپ ئالىمەن

كوللېكسىيە ئۈچۈن 1944 ـ 1949 ـ ژىللاردىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى دەۋرىدىكى ئوردېنلار بىلەن مېدالارنى، بەلگۈلەرنى، ھوججەتلەرنى، ئوردېن، مېدالار گۇۋاناملىرىنى، پوگونلارنى ۋە شاپكىلارنى سېتىپ ئالىمەن.
تېلېفون 64 ـ 77 ـ 03.

يۇرت ـ ماكانلار توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر

قىرىق قىز دالاسى

«قىرىق قىز دالاسى» ـ مارالبېشى جاڭگىلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى توغراقلىقنىڭ ئەترابى بولۇپ، يۈز مىڭ مو ئەتراپىدا كېلىدىغان بىر تۈز كەتكەن دالىنىڭ ئىسمى.

چېڭلوڭخان زامانىسىدا (بىر رىۋايەتتە چىڭگىزخان دەۋرىدە)، دولانلىقلارنىڭ قىرىق قىزىنى مانجۇرلار بۇلاپ كېتىپتۇ. دولانلىقلار قىزلىرىنى بۇلاپ كەتكەن مانجۇرلارنىڭ يېرىگە مۇھەممەد سەئىد لەشكەرچاق دېگەن كىشىنى ئەۋەتىپتۇ...

دولان، دولان دوپپىچان،
توقۇن ساتتى بىر قوچان،
بۇ توقۇنى كىم ساتتى،
مۇھەممەد سەئىد لەشكەرچان.
توقۇزتۆگى يولەپ قوي،
ئەترابىڭغا قاراپ قوي.
سەن بىزنى ئىزدەپ كەلەڭ،
بىز بۇ يەردە بىلىپ قوي.

...مۇھەممەد سەئىد لەشكەرچاق بۇ قوشاقتىن ئەھۋالنى مەلۇم قىپتۇ. دولانلىقلارنىڭ تاللانغان قىرىق ۋىگىتى شەپە چىقارماي مانجۇرلارنىڭ ئۈستىگە ھۇجۇم قىلىپ، قىرىق قىزنى ساق ـ سالامەت قۇتقۇزۇپ چىقىپتۇ. ئۇلار شۇ ۋۇرگىنچە كەڭ كەتكەن دالاغا كېلىپ توختاپتۇ. دولانلىقلار شۇ مەيداندا جايىدىلا قىرىق قىزنى ھېلىقى قىرىق ۋىگىتكە نىكاھلاپ، ھەشەمەتلىك توي مۇراسىمى ئوتكۈزۈپتۇ. بۇ قىرىق جۈپ ئەر ـ ئايال شۇ مەيداندا ئولتۇراقلىشىپ تېرىق ـ ئوستەڭ چېپىپ، تېرىقچىلىق قىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ جاينىڭ ئىسمى «قىرىق قىز دالاسى» دەپ ئاتىلىپتۇ. دولانلىقلار ئارىسىدا توي ـ تۆكۈن بولسا ھازىرمۇ مۇشۇ مەيداندا ئوغلاق تارتىش، چېلىشىش، ساغايىدى قاتارلىق ھەر خىل ئويۇنلارنى ئوينىشىدىكەن.

«ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرى» كىتاۋىدىن ئېلىندى.

تارىختىن ئۇچۇر

ھۇنلار ۋە ياپونلار

تارىخى مەنبەلەر ياپون خەلقى «تۇرا» شەرقى ئۇيغۇرلاردىن كېلىپ چىققانلىقى توغرىلىق گۇۋالىق قىلىدۇ. بۇ ھەقتە تاتار تارىخچىسى مەشھۇر ئالىم ھاسان ئاتا موللا مۇھەممەت ئوغلى ئوزىنىڭ 1909 ـ ژىلى ئۇفادا نەشر قىلىنغان «تارىخى قەۋم تۇركى» دېگەن كىتاۋىدا ياپون خەلقىنى تىلغا ئېلىپ، ئۇلارنى «تۇران» دولىتىنىڭ بىر قىسمى دەپ ئاتاپ توۋەندىكىلەرنى تەكىتلەيدۇ:

ياپون خەلقى ئالتاي تاغلىرى، بالقاش كولى ھەم ئىلى ۋادىسى ئەتراپىدا كوچۇپ ـ قونۇپ چارۋىچىلىق بىلەن مەشىئەت قىلغان كوچمەن خەلق ئېدى. ئۇلار تۇرلۇك توقۇنۇشلار تۇپەيلى قىسىلىپ تۇرالماي «تۇران» دولىتىدىن ئايرىلىپ، شەرىق تەرەپكە قاراپ كوچۇپ ھازىرقى تاقىم ئاراللىرىغا ئىلگىرى كېيىن ئېغىپ بېرىپ، جەم بولۇشۇپ مىلادىدىن ئىلگەركى 660 ـ ژىللىرىدىن بۇيان ئوز ئالدىغا ھايات كەچۇرگەن. مىلادى 585 ـ ژىللىرىغا كەلگەندە بىر بايراق ئاستىغا توپلۇنۇپ، دولەت قۇرۇپ مۇستەقىل ياشايدۇ. مىلادى 1252 ـ 1323 ـ ژىللىرىغا كەلگەندە، ۋىنىتسىيەلىك سەياھەتچى ماركو پولونى تىلغا ئېلىپ، ھاسان ئاتا ئۇنىڭ چىڭگىزخانىنىڭ نەۋرىسى قۇبلايخانىنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ تونۇشۇپ 17 ژىل خىزمىتىدە بولغانلىقى، ئاندىن ياپون كارۋانلىرى بىلەن تونۇشۇپ ياپونىيەگە بارغانلىقى، ئۇ يەردە ياپون خەلقىنىڭ ئورپى ـ ئادەتلىرىنى ئەتراپلىق ئوگىنىپ، باھالىق كوپلىگەن ماتېرىياللارنى ئېلىپ «سايامەتنامە» كىتاۋىنى نەشر قىلدۇرغاندىن كېيىنلا، ياۋروپا ۋە باشقا ئەللەرنىڭ، شەرىقتە ياپون دېگەن ئەلنىڭ بارلىغىدىن خەۋەر تاپقانلىقى، مىلادى 1853 ـ ژىلىدىن بۇيان چەت ئەل سەيياھلىرى كەينى ـ كەينىدىن بېرىپ ئوگىنىپ كەتكەنلىگى تەكىتلەنگەن.

مانا شۇندىن كېيىن تاتار تارىخچىسى ۋە سەياھەتچىسى غىياسىدىن ئىبراھىم 1912 ـ ژىلى قازاندىن ئاتلىنىپ ياپونىيەگە بېرىپ ياپونلار ھاياتىدىن ماتېرىيال ۋىغىپ كېلىپ بۇ خەلقنىڭ تىلى خۇددى بىزنىڭ تاتار تىلىغا ئوخشاپ كېتىدىكەن، دەپ ھاسان ئاتانىڭ ئەسرىگە ژۇقۇرى باھا بېرىپ، «بايان ھەق» ناملىق ئوز ئەسرىنى يازغان. ئەينە شۇنىڭ بىلەن ياپون خەلقى ئەتراپىقا تونۇلغانلىغىنى ھاسان ئاتا ئوزىنىڭ «تارىخى قەۋم تۇركى» كىتاۋىنىڭ 32 ـ 33 ـ بەتلىرىدە تىلغا ئالىدۇ.

تارىخچى ئەنۋەر بايتۇر «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» ناملىق كىتاۋىنىڭ 218 ـ 220 ـ بەتلىرىدە مۇنداق ۋاقەنى بايان قىلىدۇ. مىلادى 372 ـ ژىلى ئۇيغۇرلاردىن چىققان «غوجەن» خىتايچە ئېتى «باۋچىن» سانغۇن (قوماندان) خانلىق تەختىگە چىقىپ، پۇتۇن ئوتتۇرا دولەتنى بىرلىككە كەلتۇرگەندىن كېيىن ئالدى بىلەن كورېيەگە ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپ بۇد ۋە بۇددا ئەسەرلىرىنى سوغا قىلغان. مىلادى 4 ـ ئەسىردە ياپونىيەگىمۇ ئەلچىلەر ئارقىلىق بۇد ۋە بۇددا ئەسەرلىرىنى سوغا قىلغاندىن كېيىن موشۇ ھەر ئىككى دولەت بۇددا دىنىنى قوللانغان. شۇنداقلا دى (ئون ئۇيغۇر)، جولى (توققۇز ئۇيغۇر) ۋە ياۋچى ـ توخار قەبىلىلىرىنىڭ بىرىكمىسىدىن قۇرۇلغان ئىتتىپاقداش خۇاشىيە دولىتى ئىجات قىلغان 4 مىڭ ژىللىق تارىخقا ئېگە خۇاشىيە يېزىغىنى ھەر ئىككى دولەت ئىسلاھ قىلىپ قوللانغان. مىلادى 4 ـ ئەسىردە 200 دىن 400 ئائىلە ئوتتۇرا دولەتتىن بۇ ئىككى دولەتكە بېرىپ ئورۇنلاشقان. بۇلارنىڭ ئىچىدە توقۇمىچىلىق، ساپالچىلىق، ئىپەكچىلىك، بىناكارلىق ئۇستىلىرىنى بىللە ئەۋەتكەن. بۇ ئۇستىلار ھەر ئىككى دولەتكە ئوز ھۇنەرلىرىنى ئوگىتىپ كەڭ تارقاتقانلىغى تەكىتلەنگەن.

ھاسان ئاتا غەربىي ياپونلارنىڭ ئەخلاق، مەدەنىيەت ۋە ئورپى ـ ئادەتلىرىگە توختىلىپ، ئۇلار ساپ ۋىجدانلىق، ئادىل خەلق، پەقەت خىيانەت، ئوغرىلىق قىلماس، يالغان سوزلىمەس، جىنايەت قىلماس، ئەلگە زۇلۇم قىلماس، ئىچىملىك، كەيپى ساپا ـ پاھىشىلەردىن ژىراق. شۇنداقلا باشقىلار تەرىپىدىن خاپا بولسىمۇ ھەر قاچان ئەدەپسىز ـ قوپال سوزلەرنى قىلماس، ھېچ كىمنى كامسىتىپ زاكىلىق قىلماس، كولمەس. ئىلاچار لەقەملەرنى قويماس، ژۇقۇرى مەنسەپ ـ ئابروي ۋە مال ـ مۇلۇك بايلىقلارغا مەغرۇرلىنىپ، كىبىرلىك قىلماس، ئەلدىن تاماخورلۇق قىلماس، ئەرزىمىگەن ئىشلار بىلەن ھەرگىز شۇغۇللانماس، پايدىسىز مودىلارغا ئالدانماس، ھەر كىم بىلەن ئوچۇق چىراي بۇرادەرلىك، خۇش مۇئامىلىدە بولۇپ، ھوشيار ئالدانماس، ئازغا قانائەتچان، ئىشتا بەك تىرىشچان، ئىلىم ـ پەن، مەرىپەتتە ھەددىدىن تاشقىرى ئىۋدىھاتلىق، ھۇنەرسانائەتكە، تېخنىكىغا ناھايىتى ھەۋەسكار قەۋم دەپ ناھايىتى ژۇقۇرى باھالىغان.

تارىخچى ئۇلاردىكى يەنە بىر ئارتۇقچىلىق خىسلەت، ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئۇتقان ھەق يوللىرىنى تاللاۋېلىپ ھورمەتلەش، چوڭلارغا ھەرگىز تىل تەككۇزمەسلىك ئوخشاش پەزىلەتلىرىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ.

ئەينە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ تىرىشچان خەلق تېز تەرەققىي ئېتىپ دۇنيادىكى تەرەققىي ئەتكەن دولەتلەرنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

خۇلاسە كالام، ياپون خەلقى ژۇقۇرىدا تەكىتلەنگەندەك، تۇرانىيە دولىتىدىن بولۇنۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئەجداتلىرىمىزنىڭ قۇرغان مۇستەقىل دولەتلىرى ھەم ئىنتىزاملىق جەڭگىۋار قوشۇنلىرى مەشھۇر بولۇپ ئەتراپقا تونۇلغان زامانلارنى كوز ئالدىغا كەلتۇرگەن ياپون ئالىملىرىدىن يوشى لاۋتىي، ماسودا خىسائۇ، شىرا تورا، ساكوچى تورو قاتارلىقلار ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى ھەر تەرەپلىمە تەتقىق قىلدى. شۇنداقلا ش ئۇ ئار دىن بارغان ئورغۇنلىغان ئوغۇل ـ قىز ياپونىيەنىڭ ئالىي ئوقۇش ئورۇنلىرىدا ئوقۇپ بىلىم ئالدى. ئۇيغۇر ھەم ياپون خەلقلىرىنىڭ قېرىنداشلىق رىشتىلىرى ئەينە شۇنداق داۋام قىلماقتا.

ئىسمائىل ئەنۋەرىي،
تارىخچى.

سەنئەت

ئەل سويگەن ئەدىپ

ھەر قانداق مىللەت ئۆزىنىڭ يازغۇچى - شائىر-لىرى، ئالىملىرى بىلەن پەخىرلىنىدۇ. چۈنكى ئۇلار مىللەتنىڭ روھىدىكى نادانلىق، خۇراپاتلىققا ئۇخ-شاش ناچار ئىللەتلەرگە خاتىمە بېرىپ، ئۇنىڭ سەۋ-يەسىنى ئۇستۇرۇشكە تۈرتكە بولىدۇ. ئەينە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇلارنى ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرلىرى دەيدۇ. ئۇيغۇر خەلقى ئەدەبىياتتا ئۆزىنىڭ ھەر خىل بوياقلار بىلەن پەدەزلەنمىگەن ھەقىقىي قىياپىتىنى كورۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بىز ئىستىداتلىق يازغۇچى ۋە شائىر، مەشھۇر ئالىم مەرھۇم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر تىلەشىۋ ئەپەندىنىڭ «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن» كە-بى رومانلىرىنى، شېئىر - داستانلىرىنى، ئىلمىي ماقا-لىلىرىنى ئوقۇيدىكەنمىز، ئەينە شۇ ژۇقۇرىدا تەكىتلە-گەندەك، خەلقىمىز بېسىپ ئۆتكەن چىغىر يوللار-نىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى كورۇپ، خەلقىمىز ئۆزى-نىڭ ئارزۇ - ئېتىقاد، ئازاپ - ئەندىشلىرىنى ھىس قىلىپ، مەنىۋىي تەشنالىقىنى قاندۇرالىغانلىقىنى ھىس قىلىمىز.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ھۇل سالغۇچى-لارنىڭ ژىرىك ۋەكىللىرىنىڭ بىرى، مەشھۇر شائىر، يازغۇچى ھەم ئىستىداتلىق ئالىم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر بىر رۇبائىسىدا:

ئەل ئۈچۈن ژۈگۈرتسەڭ قەغەزدە قەلەم،
تاغلارنىڭ بېشىغا تىكەرسەن ئەلەم.
ۋە لېكىن سۇ قوشۇپ قويساڭ سىياغا،
ئىزلىرىڭ تېز ئۆچۈپ، چېكەرسەن ئەلەم. -

دەپ خىتاپ قىلغان ئىدى. ھە، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەينە شۇ ئەل ئۈچۈن قەغەزدە قەلەم ژۈگۈرتۈپ، سىياغا سۇ قوشماي ئۆز خەلقىگە ھەقىقىي خىزمەت قىلىش ئۈلگىسىنى كورسىتىپ، ئۆزىنىڭ نېمە مەخسەتتە يېزىۋاتقانلىقىنى بىلىدىغان ئەدىپ ئىدى. ئابدۇ-رېھىم ئۆتكۈرنىڭ 1948 - يىلى «تىيانشان» نەش-رىياتىدا بېسىلغان «تارىم بويلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىدا:

بۇ قارا ھىجران تۈنىنىڭ ئىنتىھاسى يوقمىدۇ؟
ۋەسلى دىلدار كۈنلىرىنىڭ ئىپتىداسى يوقمىدۇ؟
ئۆلگۈدەك جانىمغا تەگدى ھىجىر ئاخشىمى يامان،
بىر خەۋەر كەلسە نە بولغاي، تاڭ ساباسى يوقمىدۇ؟
ئورتىدى جىسمىمنى ھەردەم دىلدا يالقۇنلۇق كويۈك.
خەستە دىلغا بىر شىپا دورا - داۋاسى يوقمىدۇ؟
بۇ جۇنۇنلۇق دەشتلىرى كەڭ، مېنى ئازدۇردى تالاي،
ئەندى يول كورسەتكۈچى بىر رەھنەماسى يوقمىدۇ؟
كەتمىگەي ئارماندا ئۆتكۈر كوزدە قانلىق ياش بىلەن.
ژىرىتقىلى تۈن پەردىسىنى تاڭ زىياسى يوقمىدۇ؟ -

دەپ تەكىتلەپ، خەلقىمىزنىڭ شۇ دەۋرىدىكى قىس-مىتىگە ئېچىنىپ، ئۇنى نادانلىق، جاھالەت زەنجىر-لىرىدىن قۇتۇلۇشقا ئۈندەيدۇ.

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر 1923 - يىلى قۇمۇلدا ئىنقى-لاپچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى ئوس-مان ھاجىم قۇمۇلدا غوجانىياز ھاجىم باشچىلىقىدا پارتلىغان مىللىي - ئازاتلىق ئىنقىلاپقا ئىشتىراك قىل-غانلىقى ئۈچۈن جاللات شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قەتل قىلىنغان. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر 1942 - يىلى ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ پېداگوگىكا فا-كۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى، مەكتەپ مۇدىرى، گېزىت - ژۇرناللاردا تەھرىر، خا-دىم، مۇخبىر، تەرجىمان، مەسئۇل مۇھەررىر بولۇپ ئۇزۇنغىچە ئىشلىگەن. ئىسيانكار شائىر 40 - يىللىرى-نىڭ بېشىدىلا ئۇيغۇر دىيارىدا جاللات شېڭ شى-سەيىنىڭ زىيالىيلارنى، تەرەققىيپەرۋەر، ھۆرىيەتپەرۋەر، زاتلارنى كەڭ دائىرىدە تەقىپلەش ھەركىتى ئەۋج ئالغاندا قاماققا ئېلىنىدۇ. ئامما شەرقىي تۈركىستان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى كۈچلىرىنىڭ بېسىمى نەتىجىسى-دە ئۇ باشقا زىيالىيلار قاتارىدا 1945 - يىلى تۈرمى-دىن بوشىتىلىدۇ. ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسى شائىرنىڭ قەل-بىدە خىتاي گومىنداڭ ئىستىبداتلىرىغا قارشى كۈرە-شىش ئۇ ئۆز خەلقىنىڭ مۇستەقىللىق ھوقۇقىنى قول-غا كەلتۈرۈش ئەتىنى ئىرادىسى پەيدا بولىدۇ. ئۇ ئۆز قەلىمىنى قۇرال قىلىپ گومىنداڭ باسقۇنچىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار دىيارىدىكى باش - باشتاقلىق، يەرلىك خە-لققە نىسبەتەن قىلغۇلۇقنى زورلۇق - زۇلۇم - ستەم-لىرىنى پاش قىلىپ:

كىمكى «ئەرك» دېيدى، باش قالدى تەنسىز،
كۆمۈلدى نى ئەجايىپ ئەرلەر كېپەنسىز.
ئاساۋ، قارغۇ ئەجەل ھەر يانتا ئەزىدى،
كىمكى ئۆچۈردى، دەسسىدى، ئەزدى.

- دەپ خىتاب قىلغان ئىدى.

1949 - يىلى ئۆلكىدە خىتاي كوممۇنىستلىرى كەلگەندىن كېيىنمۇ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر يەنە تەقىپلە-نىپ، ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە ئەركىن ئىجادىيەت ھو-قۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان ئىدى. ئۇ پەقەت ئۆمرى-نىڭ ئاخىرقى ئون نەچچە يىلدىلا ئىجادىيەت ئەر-كىنلىكىگە ئېرىشتى. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇزۇن يىللار كۆڭلىگە پۈكۈپ ۋۇرگەن-لىرىنى ئۆزىنىڭ قەلىمىدىن ھاسىل بولغان نەتىجا-يىپ مەرۋايىتلار تىزمىسىگە گەۋدىلەندۈردى.

ئىستىداتلىق شائىر، يازغۇچى، دراماتورگ ۋە چوڭ ئەدەبىياتشۇناس ئالىم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر تىلە-شىۋ «بىر تامچە قان» (دراما، 1942 - يىلى يېزىل-غان ۋە سەھنىدە ئوينالغان)، «چىن مودەن» (دراما، لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن بىللە يازغان. 1944 - يى-لى سەھنىدە ئوينالغان)، «ژۈرەك مۇڭلىرى» (1946 - يىل، لەنجۇ)، «تارىم بويلىرى»، (1948 - يىل)، «ئۇلۇق ئانا ھەققىدە چوچەك» (1979 - يىل)، «قەشقەر كېچىسى» (1982 - يىل) ناملىق شېئىرلار ۋە داستانلار توپلاملىرىنى، «ئىز» (تارىخىي



ئەل سويگەن ئەدىپ

(ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ تۇغۇلغىنىغا 80 يىل)

رومان، 1988 - يىل)، «ئومۇر مەنزىللىرى» (توپ-لام، 1985 - يىل)، «ئويغانغان زېمىن» (تارىخىي رومان، 1 - قىسىم، 1988 - يىل)، «ئويغانغان زې-مىن» (2 - قىسىم، 1994 - يىل)، «غەزنىلەر بو-سۇغىسىدا» (ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى، 1996 - يىل) ناملىق ئەسەرلەرنى نەشر قىلدۇردى.

يازغۇچى «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن» رومانلىرى-دا ئۇيغۇرلار دىيارىدا 20 - 30 - يىللىرىدا يۈز بەرگەن مىللىي - ئازاتلىق ھەرىكەت - قوزغىلىڭلىرىغا مۇراجىئەت قىلىدۇ. ئۇيغۇر خەلقى-نىڭ يېقىنقى زامان تارىخى ناھايىتى مۇرەككەپ ۋە چىگىش بولۇپ، ئۇيغۇرلار دىيارى بىر نەچچە دولەتنىڭ مەنپەئەتلىرى توقۇنۇشقان مۇرەككەپ ھا-دىسىلەرگە تولۇپ تاشقان ئىدى. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر بۇ رومانلىرى ئارقىلىق ئەينە شۇ ۋاقەلەرنىڭ ماھىيە-تىنى ماھىرلىق بىلەن ئېچىپ، كىتاپخان كوز ئالدىغا بۇ تارىخنى ياققال نامايەن قىلىدۇ. ئۇ تارىخىي رو-مان يېزىش مۇددىئاسىنى:

كىشكىم، ئۆتنۈماس ئۆتمۈش ئەلەمنى،
قويار كەلگۈسىگە توغرا قەدەمنى.
ئىشەنچىم ھەر زامان كامىل ۋە پاكىز،
نىيەت ئىقبالىدا پاكلىق ئاگا بائىز.

- دەپ ناھايىتى ئېنىق ئىپادىلىگەن ئىدى.

ئەدىپ ئەسەرلىرىدە بۇ ۋاقەلەرنى تارىخىي چىن-لىق ۋە بەدىي ماھارەت بىلەن تەسۋىرلەيدۇ، ئۇلار-دا يازغۇچىنىڭ ئۆز خەلقىنىڭ ئېغىر قىسمىتىگە ئىچ-تىن خۇرسىنىشلىرى، كەلگۈسى ھەققىدىكى ئاگاھ-لاندۇرۇشلىرى ياققال كورۇنۈپ چىقىدۇ.

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ بىر قاتار شېئىر، داستانلىرى خىتاي تىلىغا ۋە چەت ئەل تىللىرىغا تەرجىمە قىلىن-غان. ئەدىپنىڭ «قەشقەر كېچىسى» ناملىق داستانى بىلەن «ئويغانغان زېمىن» رومانى خىتاي بويىچە مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي ئىجادى-يىتىنى باھالاشتا ئايرىم - ئايرىم ھالدا بىرىنچى دە-رىجىلىك مۇكاپاتقا سازاۋەر بولدى.

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر تىل، ئەدەبىياتشۇناسلىق، تارىخ تەتقىقاتى بىلەنمۇ كەڭ دائىرىدە شۇغۇللىنىپ، چوڭ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن مەھسۇلدار ئالىمدۇر. ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئىك-كى بۈيۈك نامايەندە - مەھمۇت قەشقەرىينىڭ «تۈر-كىي تىللار دىۋانى» بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك»نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا نەشر قىلىشقا سالماقلىق ھەسسە قوشتى. مەز-كۇر ئەسەرلەر ھەققىدە قىممەتلىك ئىلمىي ماقالىلار-نى، شۇنداقلا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، سەنئىتى ھەققىدە، قېرىنداش تۈركىي خەلقلەر بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىي - مەدەنىي ئالاقىلىرى ھەققىدە كوپلىگەن ئىلمىي قىممىتى ژۇ-قۇرى ماقالىلارنى ئېلان قىلدى.

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر شائىر، يازغۇچى سۈپىتىدىلا ئەمەس، بەلكى ئەدەبىياتشۇناس ئالىم سۈپىتىدىمۇ كەڭ دائىرىدە ئېتىراپ قىلىندى. ئەنقەرە غازى ئۇ-نىۋېرسىتېتى پەن ۋە ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ دوك-تورى ھۇلىيا قاسساپوغلۇ چەنگەل: «ئۆتكۈرنى كو-رۇش، ئۇنى قۇچاغلاش، قولىغا سويۇش دۇنيادىكى ئەڭ بۈيۈك ئارزۇلىرىمنىڭ بىرىدۇر» - دېگەن.

ئىستىداتلىق شائىر، يازغۇچى ۋە ئالىمنىڭ ئىلىم - پەن تەتقىقاتى جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلىرى سالماقلىق بولغىنى ئۈچۈن. 1984 - يىلى ئۇ-ش ئۇ ئار بويىچە ئىلغار پەن - تېخنىكا خادىمى بو-لۇپ يۈكسەك باھالاندى. ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرى - ئىلمىي ئەمگەكلىرى «ھازىرقى زامان جۇڭگو ئاز سان-لىق مىللەتلەر مەشھۇر كىشىلىرى قامۇسى» (بېيجىن، 1992 - يىل)، «جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلى-رى تەرجىمە ھالى» (سىچۈەن «قامۇس» نەشرىيا-تى، 1993 - يىل)، «جۇڭگو ھازىرقى زامان يازغۇ-چىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى كاتالوگى» (شاڭخەي، 1993 - يىل) قاتارلىق خ خ ج نىڭ ژىرىك قامۇسلى-رىدىن ئالاھىدە ئورۇن ئالدى.

ئەدىپ بىر رۇبائىسىدا:

ئومۇر مەنزىلى ئاق قەغەزگە ئوخشار،
ھەر باسقان قەدەمدىن بىر ئىزىڭ قالار.
يا ماختان، يا ئوكۈن، ئۆزەڭنىڭ ئىشى،
ئەڭ ئادىل ھوكۈمنى ئەل ئاگا يازار.

- دەپ تەكىتلىگەن ئىدى. ھە، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر-نىڭ ئىش ئىزلىرى ئەينە شۇنداق مول ۋە ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بولدى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۈيۈملۈك پەرزەندى ئابدۇرې-ھىم ئۆتكۈر 1995 - يىلى 5 - ئۆكتەبىر كۈنى دۇن-يادىن ئۆتتى.

يادىكار سابىتىي.

○ ھەۋەسكارلار ئىجادىدىن

روھىڭ مەدەتكار

زۇلمەتنىڭ تۈمىنى باسقاندا ئەلنى،
پارلىغان چاقماق بوپ يېنىپ چىقتىڭ سەن،
ئازاتلىق يولىدا باغلاپ سەن بەلنى،
خەلقىڭنى كۆرەشكە ئېلىپ چىقتىڭ سەن.

كويۈنۈپ ئېلىڭنىڭ قايغۇ - مۇڭىغا،
بوزەكلەر ئەھلىگە بولدۇڭ يار - يولەك.
تەۋرىنىپ كەتكەندى ئېلى تەۋەسى،
غازاتقا سەن تۇرۇپ چىققاندا بىلەك.

ئەركىكە ئۈندىگەن قايتماس ئىرادەڭ،
غەلىبىلەر قۇچۇشقا بولدى مەدەتكار.
ئېلىنىپ باياندا سېپىلى شۇندا،
شۆھرەتكە بولۇنۇپ ئاتالدىڭ سەردار.

ناخشاڭغا قېتىلغان سادىر نامىڭنى،
ئەۋلادىڭ ياد ئېيتىپ كېلەر دىلىدا.
دۈشمەنگە باش ئەگمەس جەڭگىۋار روھىڭ،
ساقلىنار ئۇ مەڭگۈ ژۈرەك قېتىدا.

سېغىنىش

بۇ يورۇق ئالەمگە كوزۈمنى ئاچقان،
يېزامنى سېغىنىپ ئويغا پاتىمەن.
خىياللار ئېلكىدە ئۇچۇپ بېرىشقا،
ئۇچار قۇش مىسالى قانات قاقىمەن.

كوزۈمنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ ھامان،
قوينىدا ئەركىلەپ ئوسكەن چاغلىرىم.
قانداقمۇ ئۇنتۇلسۇن مولدۇر سۇلىرى،
بەھۇزۇر سەيلە قىپ ژۈرگەن باغلىرىم.

ئانامنىڭ مېھرىدەك ئۇ ئىسسىق تەپتى،
سىڭىپتۇ تېنىمغا بالىلىقىمدا.
جۇدالىق دەملىرى ئورتىگەن مېنى،
ھە شۇندا سېنىڭدىن ئايرىلغىنىمدا.

جىسمىمنى باشتىلا تاۋلىغان ئوزەڭ،
ھىجراندا مەڭگۈلۈك كويۈپ ئوتەيمەن.
كېلىدۇ ئاقۋەت ۋىسال دەملىرى،
باللىق پەزىرىمنى شۇندا ئوتەيمەن.

ئوتسەمكەن ئەلەم چەكمەستىن

بىر ئومۇر ئوتسەمكەن ئەلەم چەكمەستىن،
خورلۇققا قالماستىن تا ئەبەتكە.
ۋىجدان قوزغۇلۇپ نومۇسىغا ئولسەم،
ئەسلىمنى قويماستىن ئەلەمگە ۋە دەرتكە.

ھە، ئاتا - بوۋامدىن مىراس بولۇپ قالغان،
ئۇيغۇر بوپ تۇغۇلۇپ ئۇيغۇرچە ئولمەك.
ئەسلىمنى ئازات قىلىپ كەلگۈندىلەردىن،
ئۇ، قۇتلۇق ماكانىم چېگراسىن بولمەك.

كويۈنۈپ پەرزەنتلەر كەلگۈسى ئۈچۈن،
ئادا قىلىپ ئوتسەمكەن ئاتىلىق پەرزىم.
مەنمۇ شات بولۇپ كۈلەرمەن بىر كۈنلەر،
خۇداغا يەتسكەن ئۇيغۇرلۇق ئەرزىم.

ئەرزىيدۇ!

يوللارنى تىنىمسىز كېزىدۇ ئىنسان،
كوزلەپ بىر مەنزىلنى قەدەملەر قويۇپ.
ئەركىنلىك، ئازاتلىق يولىدا ھەر كىم،
يورۇققا چىقىسكەن بەھرىمان بولۇپ.

قانۇنى چېكى بار بۇ دۇنيانىڭمۇ!
ھەر نەرسە تەكشىلىپ يولغا قويۇلغان.
گەر ئىنسان ئىلاھى يولىدا بولسا،
شۇ، ئىنسان قەلبىگە بىلىپ ھەم قونغان.

شۇڭلاشقا ئىزدەيمەن ئىنسان قەلبىدىن،
يارالمىش تەكتىدىن نېمە پۈتكەننى.
تەشۋىشلىك ئويلاردا ھەقنى ئىزدىسەم،
كۆيۈنۈپ كېتىمەن ئەسلەپ ئوتكەننى.

نېچۈن مەن بوزەك، خورلۇنۇپ قالدىم،
باسقۇنچى زوراۋان رەقىپ ئالدىدا.
ئەۋلاتلار بەختىچۈن بارىمنى ئاتاپ،
قىلسامما ئەرزىيدۇ بۇ جاننى پىدا.

ئانا مېھرى

كوكۈلدە شاتلىق ھىسلار قۇچىمەن،
سەھەردە تۇرغان ئانامنى كورۇپ.
ھە، قۇچقۇم ئېلىپ ئېسىلىپ سويىمەن،
گۈللەر ئېچىلغان ھويلامدا ژۈرۈپ.

ئانام مېھرىدىن بەھرىمەن بولۇپ،
گۈلگە ئوخشىتىپ گۈلدەك كورۈمەن.
ئانا ۋەتەنگە قىياس قىلىپ مەن،
جودالىق دەردىنى بېسىپ كېلىمەن،

ئانام بىلەن مەن بەختىم ئولچەنمەك،
ئانا ۋەتىنىم ئانامدىن قالغان.
بولگۈنچى دەپ مىڭ قىينىسىمۇ،
قارا يۈزلەرنىڭ داۋاسى يالغان.

ئابدۇقېيىم موھىدىن.

خوتەننىڭ قەدىمكى ئىپەك توقۇمىچىلىغى

ئارخېئولوگلارنىڭ تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىشى ۋە «خەننامە»دىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، ھازىرقى خوتەن ۋىلايىتى تەۋەسىدە، شەرقتە نىيەدىن غەربتە گۇمىچە بولغان بوستانلىقلاردا ياشىغان قەدىمكى ئىنسانلار ئۇدۇن، رۇگلۇ، ئۇززۇن تات، كۇرلى، گۇما قاتارلىق شەھەر بەگلىكلىرىنى قۇرغان. ۋېي (مىلادىيە 220 - 265)، جىن (مىلادىيە 265 - 317) سۇلالىرىدىن كېيىن، ئۇدۇن پەيدىنپەي كۈچىيىپ، ژۇقىرىقى شەھەر بەگلىكلىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان. ئەينى ۋاقىتتا بۇ زېمىندا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئەقىل - پاراسىتىگە تايىنىپ، ئۆز رايونىنىڭ تەبىئىي ئەۋزەللىكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، دېخانچىلىق، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساسىدا، توقۇمىچىلىق، كۇلالچىلىق، نەققاشلىق، ھەيكەلتاراشلىق، مېتالچىلىق، ياغاچچىلىق قاتارلىق ھەر خىل ئېگىلىك تۈرلىرى ۋە قول - ھۈنەر سەنئىتى كەسىپلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرغان. جۈملىدىن ئۈجمە ئۆستۈرۈپ پىلە بېقىپ، مەشۇت تارتىپ، ھەر خىل رەڭدار كىمخاپ، تاۋار - دۇردۇنلارنى توقۇپ شۆھرەت قازانغان.

ئىپەك توقۇلما مەھسۇلاتلىرى سۈپىتى ياخشى، رەڭگى جۇلالىق، چىدامliق، كىيىم كىيىشكە ناھايىتى ھوزۇرلاندۇرىدىغان بولغاچقا، قەدىمكى دەۋردە باھاسى قىممەت، بازىرى ئىتتىك مال بولغان. شۇڭا «ئىپەك ئېلى» ۋە ئىپەك توقۇمىچىلىغى توغرىسىدا قەدىمدە ئۆتكەن تارىخشۇناس، سەيياھلار كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى يېزىپ قالدۇرغان. ئىپەكچىلىك ھەققىدە ئەڭ دەسلەپ خاتىرە قالدۇرغان ئەسەر ھېرودوت (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 485 - ژىلدىن 425 - ژىلغىچە)نىڭ «تارىخ» ناملىق ئەسىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. «تارىخىي خاتىرىلەر» بۇ ھەقتە مەلۇمات بەرگۈچى تۇنجى خەزىنىچە مەنبە بولۇپ، بۇ ئەسەردە: «پەرغانىنىڭ غەربىدىن ئارشاكقىچە بولغان يەرلەردە ئىپەك، سىر يوق ئىدى» دېيىلگەن. «ئۇيغۇرلار توغرىسىدا تەپسىرات» دېگەن كىتاپنىڭ 2 - جىلدىدا: «خوتەن ئۇيغۇرلىرى پىلە بېقىش، مەشۇت تارتىش ۋە شايى توقۇشنى بىلىدۇ» دېيىلگەن. «غەربىي رايون توغرىسىدا خاتىرىلەر» دېگەن كىتاپنىڭ 2 - جىلدىدا: «خوتەندە ياۋا پىلە ئىنتايىن كوپ، ئۇنىڭدىن توقۇلغان شايى، ئەتلەس، چۇچۇنچىلەر ئىنتايىن پىششىق، پارقىراق ۋە ئېسىل بولىدۇ» دېيىلگەن. سۇڭ مۇنىڭ «ئۇيغۇرلار ھەققىدە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم» دېگەن كىتابىدا: «ئۇيغۇرلار ئىپەك چىقىرىدۇ، مەشۇت ژىپ تارتىدۇ. رەڭدار ئىپەك كىيىم كىيىدۇ، يەنە كالاۋتۇن ئىشلەشكىمۇ ماھىر، خوتەن ئۇيغۇرلىرى ئەينە شۇ كالاۋتۇن بىلەن كىمخاپ توقۇش سەنئىتىنى ئىجات قىلىپ، ئىپەك توقۇمىچىلىق تارىخىدا يېڭى سەھىپە ئاچقان ۋە ئەتراپتىكى جايلارغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن» دېيىلگەن. ژۇقىرىقىلار «ئىپەك ئېلى» ۋە ئىپەك توقۇمىچىلىغى توغرىسىدا قالدۇرۇلغان خاتىرىلەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ھېرودوت، كتىسىياس، سترابو، پتولېمېي قاتارلىق يۇنان ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە تىلغا ئېلىنغان «ئىپەك ئېلى»نى خىتاي ئالىمى چيەن بوچۇەن: «ھازىرقى ش ئۇ ئار، جۈملىدىن قەشقەرنى مەركەز قىلغان ھالدا خوتەن، يەكەننى كۆرسىتىدىغانلىغى»نى مۇئەييەنلەشتۈردى. «تارىخىي خاتىرىلەر»دىكى «ئىپەك، سىر يوق» لۇقى ھەققىدىكى مەلۇمات پامىرنىڭ غەربىدىكى رايونلارغا قارىتا ئېيتىلغان بولۇپ، پامىرنىڭ شەرقىي، قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان خوتەن رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. «غەربىي رايون توغرىسىدا خاتىرىلەر» قاتارلىق ئۈچ ئەسەردە خوتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ پىلە بېقىش، مەشۇت تارتىش، شايى، ئەتلەس، كىمخاپ توقۇش ھۈنەر - سەنئىتى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. بۇ ھەققىدىكى خاتىرىلەر 1949 - ژىلدىن كېيىن، خوتەن رايونىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش جەريانىدا تېپىلغان ئىپەك توقۇلما بۇيۇملارنىڭ كوپلۈكى، ژىل دەۋرىنىڭ ئۇزۇنلۇغى ۋە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى بىلەن ئەمەلىي فاكتقا ئېرىشتى.

1959 - ژىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى نىيە خارابىسىنى تەكشۈرۈش جەريانىدا، شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە ئائىت بىر جۈپ ئەر - ئايال دەپنە قىلىنغان قەبرىدىن «رەڭدار كىمخاپ تون، ھەر خىل گۈل چۈشۈرۈلگەن چىرايلىق كەشتە بۇيۇملار، ئېلىمىزنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى دەۋرگە ئائىت پاختا توقۇلمىلىرى ۋە بۇددا سەنئىتى بۇيۇملىرى تېپىلغان».

1980 - ژىل 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىكى تەكشۈرۈش جەريانىدا يەنە شۇ نىيە خارابىسىدىن «پىلە غوزىسى، مەشۇت، ئىپەك، ژۇڭ توقۇلمىلار، توقۇمىچىلىق سايمانلىرى تېپىلغان بولۇپ، پىلە غوزىسى يەرلىك مەھسۇلات دەپ بېكىتىلگەن. 1959 - ژىلى كېرىيە ناھىيەسىنىڭ قارادۆڭ خارابىسىدىن «شىمالىي سۇلالىلار دەۋرىگە ئائىت ئىپەك توقۇلما بۇيۇم، قىزىل تەگلىك، ئاق گۈللۈك شايى تېپىلغان بولۇپ، بۇ ئۇدۇننىڭ يەرلىك مەھسۇلاتى دەپ قارالغان». ژۇقىرىقىلاردىن باشقا، يەنە 1984 - ژىل 1 - ئاي ۋە 11 - 12 - ئايلاردا خوتەن ۋىلايىتىدىكى لوپ ناھىيەسىدىكى سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىغىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپەك توقۇمىچىلىق سەنئىتى بىلەن شۇغۇللىنىش دەۋرىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرىدىغان فاكتلار بىلەن تەمىنلىدى. بۇ قېتىم سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىغىدا جەمئىي 52 قەبرە قېزىلغان بولۇپ، 1000 پارچىغا يېقىن مەدەنىيەت يادىكارلىغى تېپىلغان. ئاسرەتلىك بۇيۇملار ئىچىدە «ئىپەك توقۇلمىلاردىن كىمخاپ، قوش ئەنلىك (ئىككى يۈزى ئوخشاش) كىمخاپ، مەشۇت (جەسەتلەرنىڭ يۈزىگە، بېشىغا يوگەلگەن)، شايىدىن تىكىلگەن يازلىق كىيىم - كېچەكلەر تېپىلغان. مىس كورگۇ، تاغاق، دورا - دەرمەكلەر كىمخاپتىن تىكىلگەن خالتا ئىچىگە سېلىنغان» بولۇپ، بۇ بۇيۇملار تېپىلغان « م 02 - قەبرىنىڭ مۇتلەق ژىل دەۋرى 65 ± 2290 ژىل بۇرۇن ئىكەنلىگى مۇقىملاشتۇرۇلدى». خوتەن توقۇمىچىلىق مەدەنىيىتى جۈملىدىن ئىپەك توقۇمىچىلىق سەنئىتىنى نامايان قىلىدىغان ماددىي بۇيۇملار كوپ بولۇپ، بۇلار قەدىمكى دەۋردە تەرەققىي قىلغان ئىپەك توقۇمىچىلىغىنىڭ گۇۋاچىسى سۈپىتىدە كورگەزمە قىلىنىۋاتىدۇ.

خوتەندە قەدىمكى دەۋردە ژۇڭ، ئىپەك، پاختا توقۇمىچىلىغى بىر - بىرىگە ئاساس يارىتىپ بېرىش، بىر - بىرىنى تولۇقلاش ئاساسىدا تەرەققىي قىلغان. خوتەن دائىرىسىدىكى ھەر قايسى خارابىلارنىڭ ھەممىسىدىن ژۇڭ، ئىپەك، پاختا توقۇلمىلىرىنىڭ بىرگە تېپىلىشى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، خوتەندىن تېپىلغان ژۇڭ، ئىپەك، پاختا توقۇلمىلار ژۇقىرى ماھارەت بىلەن توقۇلغان بولۇپ، ھەر خىل گۈل، ئادەم، ھايۋان ۋە مېۋىلەرنىڭ تەسۋىرىي سۈرەتلىرى كەشتىلەنگەن. ھازىر خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىدا ساقلىنىۋاتقان ئەتلەس پارچىلىرىنىڭ (سامپۇل قەبرىستانلىغىدىن قېزىۋېلىنغان) تېگىنىڭ رەڭگى قىزىل، گۈلى سېرىق، گۈل شەكلى تارغاق چىشى شەكلىدە چىقىرىلغان. نىيە ناھىيەسىدىكى 1 - نومۇرلۇق قەبرىدىن تېپىلغان «بىر پارچە كىمخاپقا كەشتىلەپ ئىشلەنگەن بۇددا سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن». يەنە مۇشۇ قەبرىدىن «ئۈنچە چەمبىرەككە تولپارلىق چەۋەنداز سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن كىمخاپ» تېپىلغان. بۇنداق «نۇسخىلىق، نەقىشلىك، سۈرەتلىك توقۇلما بۇيۇملار پەقەت خوتەن رايونىدىلا زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن» بولۇپ، ئىپەك توقۇلمىلارنىڭ تۈرىنىڭ كوپلۈكى، رەڭگىنىڭ كوركەملىگى، توقۇلۇشىنىڭ سىپتىلىغى، نەپىسلىگى قەدىمكى خوتەن ئىپەك توقۇمىچىلىق ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ ژۇقىرى تەرەققىيات سەۋىيەسىنى نامايەن قىلىپ بېرىدۇ.

خوتەننىڭ قەدىمكى دەۋرىدىكى ئىپەك توقۇمىچىلىغىنىڭ شاھىدى بولغان ئەتلەس توقۇمىچىلىغى ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. 1950 - ژىللاردىن كېيىن، ئىپەك تارتىش ئۇسۇلى قەدىمقى قەدەم ماشىنىلاشتى، ئامما ئەتلەس ھازىرمۇ ئەنئەنىۋى ياغاچ دۇكاندا توقۇلىدۇ.

خوتەندە قەدىمدە ئۆتكەن ماھىر ئۇستىلارنىڭ ئەجىر سىڭدۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشى، شاگىرتلىرىغا ئۆگىتىشى ئارقىلىق ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىپ ۋە بېيىپ، ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ كەلگەن ئىپەك توقۇمىچىلىغى يەنە ئىزچىل تەرەققىي قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئىپەك توقۇمىچىلىق زاۋۇدى بولغاندىن تاشقىرى يەنە ھەر قايسى ناھىيەلەردىمۇ ئىپەك توقۇمىچىلىق زاۋۇدى قۇرۇلدى. ھازىر خوتەن ئىپەك توقۇمىچىلىق زاۋۇدى (1953 - ژىلى قۇرۇلغان)نىڭ مەھسۇلاتلىرى جياڭسۇ، شاڭخەي قاتارلىق ئىچكىرى ئولكە بازارلىرىدا سېتىلغاندىن تاشقىرى، مۇستەقىل دولەتلەر بىرلەشمىسى، پاكىستان، گېرمانىيە، شۋېتسارىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دولەتلەرگە ئېكسپورت قىلىنىدۇ.

مەمەت ئابلا.

(«شىنجاڭ تەزكىرىچىلىگى» ژۇرنالىنىڭ 2002 - ژىل، 2 - سانىدىن ئېلىندى.)

خەلقىمىزنىڭ ئورتاق پاجەسى

ئۇيغۇرلار دىيارىنىڭ جەنۇبىدىكى ئەزىزانە قەشقەر ۋىلايىتىدە يۈز بەرگەن قاتتىق يەر تەۋرەش بىز قازاقىستانلىقلارنىمۇ پەرۋاسىز قالدۇرمىدى. چوڭقۇر قايغۇ ھەسرەتكە بولدى. بۇ كۈنلىرى بىز ئانا دىياردىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قايغۇسىغا ئورتاقلىشىپ، ئۇلارنىڭ يېقىن ئادەملىرىدىن مەڭگۈلۈككە ئايرىلغانلار بىلەن بىللە ھەسرەتلىنىمىز. كىشىلەر ئارقا - ئارقىدىن بىزگە تېلېفون قىلىپ ياكى رېداكسىيەگە كېلىپ بۇ پاجە ھەققىدە ئۆز پىكىرلىرى بىلەن ئورتاقلاشتى.

ماھمۇت ئەكرەم، پېنسونېر، گېزىتىمىزنىڭ مۇئەللىپلىرىنىڭ بىرى، تاشكەنت شەھىرى، تېلېفون ئارقىلىق:

- ئاممىۋىي ئەخبارات ۋاستىلىرىدىن ش ئۇ ئار نىڭ جەنۇبىدا كۈچلۈك يەر تەۋرەش ئالپەتتى يۈز بەرگەنلىكىدىن خەۋەر يېپىپ، چوڭقۇر قايغۇردۇم. خەلقىمىز مۇستەملىكچىلەرنىڭ دەردىنى ئاز تارتقاندەك، ئەندى بۇ تەبىي ئاپەتنىڭ دەردىنى تارتماقتا. يەر تەۋرەش ھادىسىسى يۈز بەرگەن قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ پەيزىۋات ۋە مارالبېشى ناھىيەلىرىدە ئاساسىي جەھەتتىن ئۇيغۇرلار ياشايدۇ. خەلقىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ ئېغىر پاجەگە ھەممىمىز ھەسرەتلىنىمىز. بىز سىلەر بىلەن بىللە ئەزىز قېرىنداشلار!

مەھەممەتجان ھاجىم قادىروۋ، پېنسونېر:

- شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاۋتونوم رايونىنىڭ جەنۇبىدا - ئېنىغراغى قەشقەرگە يېقىن ناھىيەلەردە كۈچلۈك يەر تەۋرەپ، مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ زەرداپ چەككەنلىكىنى، باش - پاناسىز قالغانلىغىنى ئاڭلاپ كوڭلۈم بۇزۇلۇپ كەتتى. ھەسرەتلەندىم. ئۇيغۇرلار دىيارىدا يۈز بەرگەن بۇ ئېغىر پاجە ھەممىمىزگە ئورتاق پاجە بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. يەر تەۋرەش پاجەسى قىشتا يۈز بەرگەنلىكى تېخىمۇ ئېغىردۇر. باش - پاناسىز قالغانلار سوغدا تالادا تۈنەشكە مەجبۇر بولغان. ئىلاھىم، زەرداپ چەككەنلەرگە ئاللا - تائالا مەددەت بەرسۇن.

مەسىمجان زۇلپىقاروۋ، يازغۇچى:

- ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاساسىي قىسمى ئىستىقامەت قىلىدىغان ئەزىزانە قەشقەر ۋىلايىتىدىكى پەيزاۋات، مارالبېشى ناھىيەلىرىدە ھالاكەتلىك يەر تەۋرەش ھادىسىسى يۈز بەرگەنلىگىنى ئاڭلاپ قاتتىق ئەپسۇسلاندىم. ئادەملەرنىڭ ھالاك بولۇشى - بۇ ئورنى تولماس ئېغىر يوقىتىشتۇر. بۇ قەدىمىي دىياردا شۇنداقلا خەلقىمىزنىڭ تارىخىي ئەھمىيەتكە كوپلىگەن تەۋەرۈك، نادىر بىنالار، ئىنشائەتلەر بولىدىغان، ئۇلارمۇ ۋەيران بولدىمىكىن؟ ھەجاپاكەش خەلقىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ ئېغىر كۈلپەتكە ھەممىمىز قاتتىق ئېچىنىمىز.

باش مۇھەررىر ي. ئازاماتوۋ.

يېڭى ھايات

ئالمۇتا، 480044 ئىپەك يولى كوچىسى 50 بىنا، 8 - قەۋەت، 813 - خانە

گېزىتنى تەسىس قىلغۇچى - جاۋاپكەرلىگى چەكلەنگەن «ۋىسال» شىركىتى.
تىراژى 1700 زاكاز 9698

تېلېفون: 59 - 84 - 73

«Йени хаят» (Новая жизнь) индекс 65359, республиканская общественно-политическая газета, регистрационное свидетельство №603 -- Г. Выдано Министерством культуры, информации и общественного согласия Республики Казахстан 17 марта 1999 г.

گېزىتىمىز سەھىپىلىرىدە بېسىلغان ماقالىلار مۇئەللىپلىرىنىڭ مەۋقەسى تەھرىراتىمىزنىڭ مەۋقەسى بولۇپ ھېساپلانمايدۇ. تەھرىراتتىن ماتېرىياللار قايتۇرۇلمايدۇ ۋە جاۋاپ بېرىلمەيدۇ.

Отпечатано в ЗАО «Дәуір».
480044, г. Алматы. ул.Жибек жолы, 50.

М 1 2 3 4 5 6 7 8 9 10 П 1 2 3 4 5 6 7 8 9 10